



تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت

تەھرىرات باشلىقى ، دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بەگمەت يۈسۈپ (ئالىي مۇھەررىر)

# شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق

## 2016.1

(ئومۇمىي 337 ـ سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

چىرىكلىككە، پارىخورلۇققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئاۋامغا بەخت يارىتايلى

## بۇ ساندا

**سەنئەت تەتقىقاتى**

« ‹ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى›نىڭ خوتەن نۇسخىسى»غا كىرىش سۆز ................................ ئىسمائىل ئەھمەد (3)

**«بىر بەلباغ، بىر يول»**

ئۇزۇلمەس يول — يىپەك يولى مەدەنىيەت كارىدورى ......... ئوبۇل مۇھەممەد ئېلى (6)

**تەرجىمە كۆزنىكى**

بەتنىيەتلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئوخشاش بولىدۇ... ۋىجدان تەگرىنىڭ كۆزىدۇر... ھۆججەت سومكىسى... دۆلەتكە تاپشۇرۇش... ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر دېرىزىسى ................................ ئەخمەت يەھيا، ئەلىجان تۇرسۇن قاتارلىقلار تەرجىمىسى (17)

**رەڭدار دۇنيا، رەڭدار گۈل**

جەنۇب-شىمال ئارىلىقىدىكى تىنىمسىز يازغۇچى ................ ئازات سۇلتان (28)
تىللار تەرىپىدىن تالاشتا قالغان تىل ................ پاتىگۈل ئىبراھىم (32)

**ئوقۇرمەنلەر سالونى**

گۆھەر قاچىلانغان كېمە — «غۇرۇرنامە» ................ ئابلەت ئابدۇللا (41)

**دەيمۇ، دېمەيمۇ؟**

مەن نېمىشقا شېئىر يازىمەن ................ غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد (49)

**ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش**

تار دائىرىلىك جەمئىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئۆزىنى قوتقۇزۇش ھادىسىسى ................................ ئابدۇقادىر سەمەت (51)

**تەپەككۇر دۇنياسى**

گۈل ئېچىلىشتىن ئاۋۋال... ................ ئەيساجان تۇردى ئاچچىق (59)

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

شېئىرلار ................ پەرىدە ياقۇپ نۇرى (63)
تەنھالىقنىڭ ھەقىقتى ................ ئەنۋەر تاشتۆمۈر (64)

**نامراتلىق بىزدىن نېرى تۇر**

نامراتلىق ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئېغى ................ ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى (71)

مۇقاۋىدا: يول — ئېلىجان ئىسمائىل فوتوسى


شىنجاڭ مەدەنىيىتى
(65-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۇسۇپ
جاڭ خۇڭچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى

بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك
مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە
تېخىردىاكتورى:
ئايگۈل ئەمەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



ئىسمائىل ئەھمەد

# «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ خوتەن نۇسخىسى»غا كىرىش سۆز

جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، دۇنيا سەنئەت خەزىنىسىنىڭ خانتاجى، دەپ تەرىپلىنىۋاتقان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىلا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈشى، مەرھۇم رەھبىرىمىز سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەشكىللىشى، بىر ئەۋلاد مۇقام پېشۋالىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك ئۈنگە ئېلىنىپ، قوغداپ قېلىنغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇقام سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش، رەتلەپ تولۇقلاش، نوتىغا ئېلىپ نەشر قىلىش، يېڭىدىن مۇقام شاگىرتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، مۇقامنى زامانىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرىدە ئاممىغا يەتكۈزۈش، بەدىئىي سەنئەت فىلمى قىلىپ ئىشلەپ، ئېكراندا ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش، سەھنىلەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاجايىپ زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەنگە يوللاپ، 2005-يىلى گوۋۇيۈەن، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ب د ت پەن-مائارىپ، مەدەنىيەت مەھكىمىسى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ قوغدىلىدىغان ئاغزاكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بىز بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ 60 نەچچە يىللىق مۇساپىنى قايتا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى بۈيۈك بىر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرىلغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز؛ ئەجدادلار ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن تولىمۇ ئېسىل بىر مەنىۋى مىراسنىڭ تەييارلاپ قويۇلغانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز. بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئاشۇ بۈيۈك خىزمەتنى روياپقا چىقارغۇچىلارغا نىسبەتەن رەھمەت-ھەشقاللا تۇيغۇسىنى ئويغاتماي قالمايدۇ. بۇ چوقۇم شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەقىل-پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن، تولۇقلانغان، ۋايىغا يەتكەن بىر چوڭ سىستېما قۇرۇلۇشى ئىدى. ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بىر يىلغا،

## سەنئەت تەتقىقاتى

ئون ئىككى مۇقاملىق 12 ئايغا، ھەر بىر مۇقامدىكى
ئاھاڭ سانى ھەر ئايدىكى كۈن سانىغا سىمۋول قىلىنغانە-
دى. شۇنداقلا ئۇ بىر جەلبكار سىرلار خەزىنىسى ئىدى. بۇ
خەزىنىدىكى سىرلارنى بىلىپ يەتمەك بەسى مۇشكۇل بول-
غىنىدەك، ئۇنى يەشكەنسېرى يەنە يېڭى- يېڭى سىرلار - تۇ-
گۈنچەكلەر پەيدا بولاتتى. مانا مۇشۇ مۇرەككەپلىكنى
يېشىش ئۈچۈن مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
ئالىم- مۇتەخەسسىسلەر كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى،
پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، مۇقام تەتقىقاتچىلىرى-
نىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئانا ئون ئىككى مۇقامنى چۆرىدە-
گەن ھالدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دائىرى-
سىدە ئۇيغۇر ئون مۇقامىمىزنىڭ يەرلىك نۇسخىلىرىدىن
دولان ئۇيغۇر مۇقامى، قومۇل ئۇيغۇر مۇقامى، تۇرپان
ئۇيغۇر مۇقامى، ئىلى ئۇيغۇر مۇقامى قاتارلىقلار رەتلەندى
ۋە ئارقىمۇ- ئارقا خاتىرىگە ئېلىندى. يەنە پېشقەدەم مۇزد-
كانتلاردىن زىكرى ئەلپەتتا ۋە قۇربانجان روزى ئۇيغۇر
ئون ئىككى مۇقامىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ «روخسارى
مۇقامى» بىلەن «مۇغەننى مۇقامى»نى ئارقا- ئارقىدىن جا-
مائەتچىلىككە سۇندى. ئېنىقكى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقا-
مىنىڭ ھەرقايسى يەرلىك نۇسخىلىرى خەلقىمىزنىڭ ئەقىل - پا-
راسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، جايلارغا تارقالغان بۇ نۇسخە-
لارنى قېزىپ چىقىشمۇ ئانا مۇقامىمىزنى تېخىمۇ مۇكەممەل-
لەشتۈرۈش، سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىش، مۇقام تەتقىقا-
تىنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىشتە مۇھىم ئەھمى-
يەتكە ئىگە.

«تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ۋە باشقا تارىخىي كىتابلاردا
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ۋارىيانتلىرى مەسىلىسى
زادىلا تىلغا ئېلىنمىغان. مۇقام خىزمىتىنى ئىشلەشكە كىرىش-
كەن ئاشۇ 1950 - يىللارنىڭ بېشىدا، مۇقامنى ئۈنگە ئالدۇ-
رۇش خىزمىتىگە دەسلەپ قەشقەردىن تۇردى ئاخۇن ئاكا،
ئىلىدىن روزى تەمبۇر قاتارلىقلار، كېيىنرەك خوتەندىن
قالۇن چېلىپ مۇقام ئورۇنلاش بىلەن شۆھرەتلەنگەن
سۇلايمان ئاخۇن قالۇن ئاكا ۋە باشقا يۇرتلاردىن يەنىمۇ
كۆپ مۇقامچىلار ئىشتىراك قىلغان بولسىمۇ، ئۇ چاغدىمۇ
ئوخشاشلا ۋارىيانت مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقمىغانىدى. باي-
قالغان ئايرىم ئوخشىماسلىقلار، ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ
تۇرمۇش ئۆرپ- ئادىتى ۋە تىل شېۋىلىرىدىكى خاسلىقلار
بەلكىم شۇ چاغلاردا مۇقامچىنىڭ ئۆگىنىشىدىكى ۋە ئورۇن-
لىشىدىكى نۇقسان دەپ قارالغان بولسا كېرەك. ئەينى
چاغلاردا بەلكىم شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئېتىبارغا ئېلىنمىغان
بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دېيىلگەندە، ھەقىقەتەنمۇ
تۇردى ئاخۇن ئاكا ئاۋاز بەرگەن، پۈتكۈل شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر خىل شەكىلدە تارقالغان
ئانا مۇقام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ مەسىلىنى شۇ چاغدا مۇقام-
لارنى نوتىغا ئېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان ۋەن تۇڭشۇ
قاتارلىق خەنزۇ مۇتەخەسسىسلەرمۇ چۈشەنگەنىدى (ئۇلار
كېيىنكى ئەسلىمىلىرىدىمۇ شۇنداق بايان قىلغان). ئۇيغۇر
ئون ئىككى مۇقامىنىڭ گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى ۋە
خەلقئارادىكى شۆھرىتىنىڭ بارغانسېرى ئېشىشىغا ئەگىشىپ،
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ يەرلىك نۇسخىلىرى ئوتتۇ-
رىغا چىقتى. سەنئەت قانۇنىيىتى، بىر مەنبە ۋە كۆپ يىلتىز-
لىق مەدەنىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى قاتارلىق
جەھەتلەردىن ۋە مۇقام تەتقىقاتىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسى-
دىن، يەرلىك نۇسخىلارنىمۇ ئۆگىنىش ۋە ئورۇنلاشنى
نۇقسان ئەمەس، بەلكى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىل-
گىرىلەش دەپ قارايمىز. مانا ئەمدى تالانتلىق مۇقامچى
ۋە مۇقام تەتقىقاتچىسى ئابدۇللا بارات (مەجنۇن) ئۇزاق
يىللىق تىرىشچانلىق بىلەن ئىزدەپ تېپىپ، خاتىرىگە ئېلىپ
رەتلىگەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ خوتەن نۇسخە-
سى» روياپقا چىقتى.


خەن، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى زامانلىرىدا خوتەن
ناخشا- مۇزىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەنلىكى
توغرىسىدا تارىخىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. تارىخىي پۈ-
تۈكلەرنى ۋاراقلىساق، گەپ بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ. گەپنى
قىسقارتىپ، ھازىرقى زامانغا قايتىپ كەلسەك، ئۇيغۇر خەل-
قىنىڭ تەربىيە كۆرگەن قاتلىمىغا ئومۇميۈزلۈك مەلۇم بولغى-
نىدەك، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى توغرىسىدىكى خەۋەر-
لەر ۋە مەلۇماتلارنى، مۇقامشۇناس خانىش ئامانىساخان
ۋە قېدىرخانلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى زامانىمىزغا
يەتكۈزۈپ بەرگەن مەشھۇر تارىخىي ئەسەر «تەۋارىخى
مۇسقىيۇن» مانا شۇ خوتەن دىيارىدا يېزىلغان، 160
نەچچە يىل مۇقەددەم يېزىلغان بۇ كىتابنىڭ قىممىتى ھەق-
قەتەنمۇ مۆلچەرلىگۈسىزدۇر.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۇلۇغ
داھىمىز ماۋ زېدۇڭ 1950 - يىلىدىلا «ياڭگىرىدى ھەر ياندا
ساز، ئۇدۇنمۇ بار بۇ نەغمىدە» دېگەنىدى. ئەلۋەتتە،
خوتەن دىيارى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ناھايىتى كەڭ

تارقالغان جاي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ خوتەن دىيارىغا خاس بولغان خوتەن نۇسخىسىمۇ بىللە مەۋجۇت بولغان زېمىن. ھەرقايسى يۇرتلار ئارا شىۋە، ئۆرپ-ئادەت پەرقى زوقلىنىش ۋە ئىنتىلىش، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھەممە ناخشا-مۇزىكا جەھەتتىكى پەرقلەرنى پەيدا قىلغان، ھەتتا مۇزىكىدىكى رىتىم تۇيغۇسى پەرقىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەلۋەتتە، بۇلارنى يەنە ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ خوتەن نۇسخىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب دېسەك بولىدۇ. ۋەن تۇڭشۇ قاتارلىقلار ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى توپلاش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئۇ ئۆز ئەسلىمىسىدە «خوتەندىكى مۇقامنىڭ يەنىلا قەدىمكى چوڭ كۆي شەكلىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى، ئۇنى ئەينى ۋاقىتتا پەقەت سۇلايمان ئاخۇن بوۋاينىڭلا بىر قەدەر تولۇق ئوقۇيالايدىغانلىقىنى بىلدۇق...» دەپ يازىدۇ. ۋەن تۇڭشۇ ئەپەندىنىڭ بۇ گېپى رەھبىرىمىز مەرھۇم سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بىر قېتىملىق خۇسۇسىي سۆھبەتتە ماڭا ئېيتىپ بەرگەنلىرى بىلەن ئوخشاش. ئەينى چاغدا سەيپىدىن ئەپەندى تۆردى ئاخۇن ئاكا بىلەن سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنىڭ 1930-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە يەكەن، قاغىلىق تەرەپلەردە بىللە مەشرەپلەرنى قىزىتىپ يۈرگەن كونا ئاغىنىلەردىن ئىكەنلىكىنى، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ، ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق ساقلاپ قالغانلىقىنى، 1950-يىللارنىڭ بېشىدا مۇقامنى دەسلەپ سىمغا ئالغاندىمۇ بەك ياخشى ھەمكارلاشقانلىقىنى دېگەنىدى. سۇلايمان ئاخۇن ئاكا 1957-يىللىرى قەشقەردىن ئۆز ئانا يۇرتى خوتەنگە يۆتكىلىپ كەلگەن. مەن ئۆزۈممۇ سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنى ئوبدان تونۇيتتۇم، مەھەللىمىز يېقىن بولغاچ، بالىلىق چاغلىرىمدىمۇ ئۇ مۇقام ئۇستازىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن، مۇقاملىرىنى ئاڭلىغانمەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تولۇق بىلىدىغان، بەك ئەستايىدىل ئوقۇيدىغان ئادەم ئىدى، ئۇ قەدەم تەشرىپ قىلغان مەشرەپلەرگە ئادەملەر ھەسەل پۇرىقىنى ھىدلىغان چۈمۈلىلەردەك ئولىشاتتى.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ خوتەن نۇسخىسى ئەنە شۇ سۇلايمان ئاخۇن ئاكىدەك مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ ئىجتىھاتلىرى نەتىجىسىدە ۋايىغا يەتكەن ۋە خوتەن رايونىنىڭ ھەر قايسى ئۆزۈك بوستانلىقلىرىغا تارقىلىپ، كۆپلىگەن خەلق مۇقامچىلىرى تەرىپىدىن ئۈزلەشتۈرۈلۈپ، داۋاملىشىپ كەلگەن. خەلق رىۋايەتلىرى ۋە يازما مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە: خوتەندە ئۆتكەن داڭلىق مۇقامچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئورۇنداشنى بىلىپلا قالماستىن، يەنە خوتەننىڭ قويۇق مۇقام پۇرىقىغا ئىگە خەلق ناخشىلىرىدىن «كالاي-لۆي»، «چەشمە نەم» قاتارلىقلارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلايدىكەن. بولۇپمۇ خەلق ئىچىدە، يازدا بۇغداي يىغىۋېلىنىپ خامان تېپىلىدىغان چاغدا، خاماندا «كالاي-لۆي» ئېيتىمىسا ھوسۇل كەم چىقىدۇ دېگەن بىر چۈشەنچە كەڭ تارقالغاچلىقتىن، «كالاي-لۆي» كەڭ ئومۇملاشقانىدى. ئاتا-بوۋىلىرىمىز خامان تېپىۋېتىپ، قولى بىلەن قۇلاقلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ «كالاي-لۆي مۇقامى»نىڭ سوزۇپ ئوقۇلىدىغان باش نەغمىسىگە ئاۋازىنىڭ يېتىشىچە توۋلايتتى. 1957-، 1958-يىللىرى، تۇنجى قېتىم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يىغىۋېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندا، مەن چىرا ناھىيەسىدە ئاشۇ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلغانىدىم ۋە شۇ چاغدا «كالاي-لۆي ناخشىسى» توغرىسىدىكى گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. خوتەندىكى باشقا مەشرەپلەردە ئاڭلىغانلىرىم بەلكىم ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئۆزى ياكى خوتەن نۇسخىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ چاغلاردىن كۆپ ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى. نۇرغۇن ئىشلار ئەستىن كۆتۈرۈلدى. مانا ئەمدى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قىزغىن قوللىشى، تالانتلىق مۇقامچى، ئىقتىدارلىق مۇقام تەتقىقاتچىسى ئابدۇللا بارات (مەجنۇن)نىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى ئارقىسىدا، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ خوتەن نۇسخىسى» كەڭ ئامما نەزەرىگە سۇنۇلدى. مەن بۇ خىزمەتنىڭ ئۇتۇقلۇق تاماملانغانلىقىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم. ئىشىنىمەنكى: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ خوتەن نۇسخىسى» ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تولۇقلاشتا، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا، ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل مەدەنىيىتىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشتە ئالتۇن رىشتىلىك رولىنى ئوينايدۇ. مەن بۇ خىزمەتنى روياپقا چىقىرىشقا كۈچىگەن بارلىق تۆھپىكارلارغا ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىمەن.

2015-يىل 5-ئاينىڭ 8-كۈنى



# ئۈزۈلمەس يول ــــ يىپەك يولى مەدەنىيەت كارىدورى

ئوبۇل مۇھەممەد ئىبلى

شەك - شۈبھىسىزكى يىپەك يولىنى مەركىزىي ئاسىيادا «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى»نى ياراتقان ئەجدادلىرىمىز ئاچقان، ئۇلار يىراق ئەجدادلىرى ئارىيان - سكىتاي - ساكىلارنىڭ جاھان كەزدى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ شەرقنى غەربكە، غەربنى شەرققە يۆتكەپ كېلىش جەريانىدا ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

ــــ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن

## 1. يىپەك يولى مۇلاھىزىسى

دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالەم «يىپەك يولى» توغرۇلۇق يېزىلىدىغان بولغاچقىمىكىن، بۇ يول ئۈستىدە ئىزدىنىشىم زوررۇر ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ياپونىيە سۇكۇبا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەتقىقاتچى بولغان ۋاقتىمدىمۇ مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى يىپەك يولى توغرىسىدا ياپونچە تەتقىقات ماتېرىياللارنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قېلىپ بىزنىڭ ئەجدادىمىز ئاچقان بۇ قەدىمىي يولدا ياپونلارنىڭ قانداقسىگە بۇنچىلىك سىستېملىق ئىزدىنىشىدىكى مەقسىتىنى چۈشىنەلمىگەنىدىم. بۇ ماتېرىياللار ئاساسلىقى يىپەك يولى مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەت، دىن، مىللەت، شەھەر، قۇرۇلۇش - بىناكارلىق، قەدىمكى ئىزلار... قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ئۆتكەن ئەسىردە دىيارىمىزدا ئېلىپ بارغان نەق مەيدان تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىمۇ ئۆز يېزىقى بىلەن ساقلانغانىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن يەنى 2002 - يىلى 10 - ئايدا ب د ت پەن - مائارىپ - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئوبراز ئەلچىسى دۇنياغا داڭلىق رەسسام، خىراياما ئىكو (Hirayama Ika) [1] ئەپەندىنىڭ ئىقتىساد جەھەتتىن قوللىشى بىلەن شىئەندە ئېچىلغان ‹ب د ت 2002 - يىلى يىپەك يولى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى› [2] دا، 20 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن 120 نەپەر، خىراياما ئەپەندىنىڭ يىپەك يولى تەتقىقاتى فوندى ياردىمىگە ئېرىشكەن ياش ئالىملارنىڭ يىپەك يولى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى نەتىجىسىنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن بۇ يولنىڭ شۇنچىلىك «ئۇلۇغ»لۇقىغا ھەيران بولسام، يەنە بىر ياقتىن بۇ ياش تەتقىقاتچىلار ئىچىدە ئۆزىمىزدىن بىرەرسىنى ئۇچرىتالماي ئەپسۇسلانغا-

### «بىر بەلباغ، بىر يول»

نىدىم. چۈنكى، بۇ يىغىندا يىپەك يولى ۋە مەدەنىيىتىمىز
ئۈستىدىمۇ كۆپلىگەن ئانالىزلار ئېلىپ بېرىلغانىدى. شۇ ۋا-
قىتتا بۇ بۈيۈك يول ئۈستىدە ئويلىنىپ بۇ قەدىمىي يولدىن
تارىخىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى غۇۋا ھېس قىلىپ،
ئۆزۈمنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىدىغىنىمنىڭ چولتىلىقىدىن ئۇ-
كۇنگەنىدىم. بۇ قېتىمقى يىغىندا بۇ بۈيۈك يولنى دۇنياۋى
مىراسقا يوللاش «شىئەن تەشەببۇسنامىسى» ئېلان قىلىنغانى-
دى. دېمەك، بۇ بۈيۈك يولنىڭ تارىخىي قىممىتىنى تەرەق-
قىي قىلغان مىللەتلەر تولىمۇ بالدۇر ھېس قىلغان. ئۇنىڭ-
سىزمۇ ياپونىيەدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ياپونلۇقلارغا
«مەن ئۇيغۇر دېسەم چۈشەنگەندەك قىلىپ ئەدەپ يۈزد-
ىسدىن باش لىڭشىتىپ قويغاندا، ئۇلاپلا مەن يىپەك يولى-
دىن كەلدىم دېسەم دەرھال قايتىدىن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ،
بۇ بىر سىرلىق ماكان، يىپەك يولى تولىمۇ بۈيۈك يول،
دەپ ئۆزلىرىنىڭ NHK تېلېۋىزىيە قانىلىدا بۇ يولنى كۆر-
گەنلىكىنى ياكى تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بارغانلىقىنى نا-
ھايىتى قىزغىن سۆزلەپ كېتىشەتتى. دېمەك، بۇ يول ياپون-
لاردەك تەرەققىي قىلغان، پۇتكۈل ئاۋامنىڭ مائارىپ سە-
ۋىيەسى يۇقىرى دۆلەتتە خەلق ئومۇميۈزلۈك بىلىدىغان،
پەننىي ساۋاتقا ئايلانغانىدى. بۇ شەرق - غەرب ئوخشىمى-
غان مەدەنىيەتلەرگە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ئوخشاشمى-
غان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچە ئالماشتۇرۇشنى
ئىلجىتقان، شۇ ئارقىلىق دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئوت-
تۇرىسىدا ئۆزئارا چۈشىنىش ئارقىلىق دۇنيا تىنچلىقىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرغان. تەرەققىي قىلغان ئەللەر بۇ يۈكسەك قى-
مەتكە ئىگە بۈيۈك يولنى مەدەنىيەت مىراسى قاتارىدا دۇنيا
مىراسلىرىغا كىرگۈزۈپ ئەبەدىي قوغداپ، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ
زور بايلىقىنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىمىز بار [3]
دەپ قارىغان، كېيىن بىلسەم ياپونىيە ھۆكۈمىتى مەخسۇس
خىراجەت ئاجرىتىپ داڭلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە توكيو
ئۇنىۋېرسىتېتى، كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدەك داڭلىق ئالىي
مەكتەپ ئالىملارنى تەشكىللەپ ئون نەچچە يىل سەرپ
قىلىپ يىپەك يولى ساھەسىدە ئومۇميۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ
بارغان. ھەمدە 1964 - يىلى توكيو ئولىمپىك تەنھەرىكەت
يىغىنىنىڭ مەشئىلىنى يەتكۈزگەندە، گىرېتسىيەدىن توكيوغا
قۇرۇقلۇق يىپەك يولى ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەنىدى. شۇڭ-
لاشقىمۇ، بۇ دۆلەتتە مۇشۇ ساھەدە تەتقىقاتتا دۇنياغا
داڭلىق ئالىملار يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئولىمپىك ھەرىكىتىدەك
دۇنياۋى خاراكتېرلىك تەشۋىقاتنىڭ نەتىجىسىدە ياپونىيەدە
مەيلى ھۆكۈمەت ياكى ئاۋام بولسۇن يىپەك يولىنى ناھايى-
تى پىششىق بىلىدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىكەن. يۇقىرىقى-
لارنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈمنىڭ يۈزەكى كۆز قارىشىم بويىچە
«بۇددا دىنى مۇشۇ يولدىن ياپونلارغا تارقالغان بولغاچقا،
بەلكىم بۇ خەلق بۇ يولغا قىزىقسا كېرەك» دەپ ئويلىغان
ئىكەنمەن. كېيىنكى تەتقىقاتىم بۇ كۆز قارىشىمنى تېخىمۇ
چوڭقۇرلاشتۇرغان بولۇپ، بۇ يول بۇ خەلققە دىندىن باشقا
ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، ئىدىيەۋى ئۆزگىرىش، يېڭىلىق
يارىتىش قاتارلىق نۇرغۇن ساھەگە تەرەققىيات ئېكەلگەنى-
كەن. دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىدا مودا بولغان نەرسىنى
تېز سۈرئەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش — تەتقىقات قىلىش
مۇددىئاسى قىلىدىغان بۇ خەلق، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ
يىپەك يولىدىكى تەتقىقاتىنىڭ تەسىرىدە، بۇ دۇنياۋى تېمى-
نى تەتقىق قىلىشنى بالدۇر باشلاپ يىپەك يولى تەتقىقاتىدا
ئاسىيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن. مۇشۇ خىل تەتقىقات
دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە، ياپونىيەدە ئۇيغۇرشۇناسلىق،
دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىق، يايلاق مەدەنىيىتى تەتقىقاتى،
بوستانلىق شەھەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىمۇ ئەۋج ئالغانىكەن.

دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى مەركىزىنىڭ تۇرتكىسى
بىلەن يىپەك يولىنى دۆلەت ھالقىغان ھالەتتە دۇنياۋى مى-
راسقا يوللاش ئىشى 2006 - يىلى تۇرپاندا ئېچىلغان
«يىپەك يولىنى دۇنياۋى مىراسقا يوللاش خەلقئارالىق كېڭە-
شىش يىغىنى»دا باشلاندى. جۇڭگو، ئۆزبېكىستان، قازا-
قىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق بەش دۆلەت
بىرلىكتە كېڭىشىپ، «تۇرپان خىتابنامىسى»نى ئىمزالاپ،
يىپەك يولىنى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا يوللاش بۈيۈك
پىلانىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە بىرلىككە كەلدى. بۇ بىر
بۈيۈك باشلىنىش بولغاچقا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، جۇڭ-
گودىكى قەدىمكى يىپەك يولى بويلىرىغا جايلاشقان بەش
ئۆلكە ئۆزلىرىنىڭ يارقىن مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قايتىدىن
باھالاشقا كىرىشتى، ھەممىسى دېگۈدەك يىپەك يولىدىكى
مەشھۇر ئىشلار، مەشھۇر شەخسلەر، مۇھىم ئۆتەڭ، مۇھىم
جۇغراپىيەلىك قاتناش تۈگۈنى قاتارلىقلارنى يىپەك يولى
بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. جاڭ چيەن قەبرى-
سى، كومراجىۋا ئىستىقامەت قىلغان بۇددا مۇنارى، شۈەن-
زاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى غەربىي دىيار تەزكىرىسى»
دە يېزىلغان شەھەر خارابىلىرى، تارىختا مۇھىم رول ئوينى-
غان مەركىزىي شەھەرلەر مەسىلەن: يارغول قەدىمكى شەھە-
رى، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى، سۇ بېشى بۇددا ئىبادەت-

خانىسى، قىزىل مىڭئۆي، قەشقەر قەدىمكى شەھىرى قاتار ـ
لىقلار، شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم
رول ئوينىغان كىروران، مىرەن قاتارلىق شەھەرلەر، شەرق ـ
غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا ئائىت بۇيۇملار بايقالغان
شەھەر خارابىلىرى ۋە قەدىمكى قەبرىلەر تۇنجى تىزىملىك ـ
كە كىرگۈزۈلدى. دۆلىتىمىز بەش ئۆلكىدىن جەمئىي 22
ئورۇننى تۇنجى تۈركۈمدە بۇ خەلقئارالىق تۈرگە قاتناش ـ
تۇردى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىمۇ سوياپ قەدىمكى شەھە ـ
رى، فاياز تۆپە، ئاجىنا تۆپە قاتارلىق ئون نەچچە ئورۇننى
يىپەك يولى بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەپ بېكىتتىشتى. بۇنىڭ ـ
سىزمۇ، لوياڭ غارى، دۈنخۇاڭ موگاۋ غارى، قازاقىستاندى ـ
كى ئەھمەت يەسەۋى مازىرى، ئۆزبېكىستاندىكى بۇخارا،
سەمەرقەنت قاتارلىق يىپەك يولىدىكى مەشھۇر جايلار خېلى
يىللار بۇرۇن دۇنياۋى مىراسقا كىرىپ بولغان. شۇ ئارقى ـ
لىق مەملىكىتىمىزدە يىپەك يولى ۋە يىپەك يولى بويلىرىدى ـ
كى قەدىمكى مىراسلارنىڭ تارىخىي قىممىتىنى تەتقىق
قىلىش خىزمىتى باشلاندى. دۆلەت ئىچىدىكى تەتقىقات ئو ـ
رۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئالىملار دوكتور ئاسپىرانت ـ
لار ئارىسىدا، قەدىمكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى ـ
دىن چىقىش قىلىش يېڭى بىر يىپەك يولى تەتقىقات قىزغىن ـ
لىقى كۆتۈرۈلدى. بۇ يولنى دۇنياۋى مىراس تۈرىگە يول ـ
لاشتا، «مەدەنىيەت كارىدورى»، «يىپسىمان مەدەنىيەت»،
«مەدەنىيەت يولى»، «مەدەنىيەت مەنزىرىسى»، «مەدەنى ـ
يەت تونىلى» قاتارلىق ئىسىملار بىلەن ئاتاپ ئىسپانىيە ۋە
فرانسىيەدە پەيدا بولغان. ئاللىبۇرۇن دۇنيا مەدەنىيەت مى ـ
راسلىرىغا كىرىپ بولغان، «خىرىستىيانلار سانتىياگو ھەجە
يولى»، [4]، جۇڭگو، ھىندىستان بىلەن ئەرەب يېرىم ئارى ـ
لىدا پەيدا بولغان «خۇش پۇراق ماتېرىياللار يولى»غا سې ـ
لىشتۇرۇپ 1700 يىل داۋاملاشقان، ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇق ـ
لۇقىدا پەيدا بولغان، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت
يولىدىن قىممەتلىك بولغان بۇ قەدىمكى قاتناش تونىلىنىڭ
يارقىن تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. ھەر قېتىم شىئەن ـ
دە، ئالمۇتا، ئۈرۈمچىدە، سەمەرقەند، بىشكەكتە ئېچىلغان
يىپەك يولىنى بىرلىكتە دۇنياۋى مىراسقا يوللاش خەلقئارا ـ
لىق يىغىنلىرىدا بۇ يول تىلغا ئېلىنسىلا يۇرتۇمدىكى مەدە ـ
نىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي قىممىتى چوقۇم
سۆزلىنەتتى، يۇرتۇمدىكى تارىم ئويمانلىقى، تەكلىماكان
قۇملۇقى، قىزىل مىڭئۆيى، قەشقەر شەھىرىدەك مەشھۇر
جايلىرىمىز يىغىن سورۇنىدا تىلغا ئېلىنسا چەكسىز ئىپتىخار ـ
لىنىش تۇيغۇسىغا چۆمەتتىم. 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيى ـ
جىڭدا ئېچىلغان يىپەك يولىنى دۇنيا مىراسلىرىغا يوللاش
مەملىكەتلىك يىغىنىدا دۆلىتىمىزدىكى مەشھۇر ئارخېئولوگ
شۇ پىڭفاڭ ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭدىكى ھەرقانداق مەدەنى ـ
يەت مىراسلىرى يىپەك يولى بىلەن زىچ باغلانغان » دەپ
كېسىپ ئېيتقان سۆزى ھېلىھەم ئېسىمدە. دوكتۇر يېتەكچى
ئوقۇتقۇچۇم «يىپەك يولىنىڭ قىممىتى توغرۇلۇق بىر پارچە
ماقالە يېزىپ چىققىن، سېنىڭ كۆز قارىشىڭ بىلەن پېشقەدەم
مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆز قارىشى ئوتتۇرىسىدا قانداق
ئوخشىماسلىق بار، يىغىندا مۇزاكىرە قىلىمىز دېگەندە،
بېسىم ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ماتېرىيال
كۆرۈپ تەستە تەييارلىغان «يىپەك يولىنىڭ قىممىتى توغرى ـ
سىدا » ناملىق ئارگىنالىمنى مەملىكىتىمىزدىكى داڭلىق ئار ـ
خېئولوگ، تارىخچىلار، مۇتەخەسسىسلەر قاتناشقان يىغىندا
ئوقۇشتىن بۇرۇن ئۆزۈمنىڭ يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ـ
دا تۇغۇلۇپ، چوڭ بولۇپ بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتى ھەققى ـ
دە بىۋاستە ئۇچراشقانلىقىمنى دەپ ئۆتۈپ يىپەك يولىنىڭ
تارىخىي قىممىتىنى دۇنيادىكى چوڭ دىنلارنىڭ تارقىلىش،
مىللەتلەر كۆچۈشى ۋە پەيدا بولۇشى، ئىسكەندەر زۇلقەر ـ
نەيىننىڭ شەرققە يۈرۈشى ۋە چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈ ـ
شى، ئىلىم ـ پەن، كەشپىياتلارنىڭ تارقىلىشى، دۇنيادىكى
مەشھۇر كىشىلەر، ئۆسۈملۈك، قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق تېخ ـ
نىكىسى، قەدىمكى يېزىق، قەدىمكى تىل، قەدىمكى
پۇللار... قاتارلىقلارنى بۇ يول بىلەن باغلاپ مۇشۇ يول
ئارقىلىق شەرق ـ غەربكە تارقالغانلىقىنى دەپ چۈشەنچە
بەرسەم يىغىنغا قاتناشقان بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىرو ـ
فېسسورى رۇڭ شىنجاڭ ئەپەندىنىڭ «ناھايىتى ياخشى مۇ ـ
لاھىزە قىلىپسىز، بىز سىزدىن ئۆگەنسەك بولغۇدەك» دې ـ
گىنىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولغانىدىم ھەم مۇشۇ يولدا
تۇغۇلۇپ، شۇ يولدا ساقلانغان مەدەنىيىتىم ئارقىلىق تولى ـ
مۇ پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا بولغانلىقىم ئېسىمدە. دېمەك، بۇ
يول مەيلى خىزمىتىمنىڭ ئېھتىياجى بولسۇن ياكى يۇرتۇمغا
بولغان ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىدا بولسۇن تەبىئىي ھالدا قى ـ
زىقىشىمنى قوزغىغانىدى. دېمىسىمۇ دۇنيا ئىقتىسادى يەرشا ـ
رىلىشىۋاتقان، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ئەۋج ئېلىۋاتقان،
ھەركىم ئۆزىنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنى تىرىشىپ قوغداپ،
شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلىقىدا ئۆزلۈكىنى ئىز ـ
دەۋاتقان، مەدەنىيەتنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ئۇلغىيىۋاتقان بۇ
دەۋردە ئەجدادىمىز ئاچقان بۇ يولدا يەنە قانداق ھېكمەت ـ

لەر باردۇ؟ ئۆزىمىز ئاچقان، ئۆزىمىز ئىز قالدۇرغان، ئۆ-
زىمىز شەرق ـ غەربنى باغلىغان بۇ بۈيۈك يولدىن مەدەنى-
يىتىمىزنى ئىزدەپ، ئەجدادىمىز روھىدىن ئىپتىخارلىنىش
بىلەن بىللە، يەنە قانداق ئاچچىق ساۋاقلار باردۇ؟... دې-
گەندەك خىياللار تۈرتكىسىدە ماتېرىيال ئىزدەشكە باشلى-
دىم. مەن پايدىلانغان ماتېرىياللار خەزىنۇچە ياكى ياپونچە
ئىدى. تۆۋەندىكىلەر مەن كۆرگەن ماتېرىياللارنىڭ يىپەك
يولىنىڭ قىممىتى توغرىسىدا ئىزدەنگەن نەتىجەم ئىدى.

**2. يىپەك يولىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە شىنجاڭ بۆلى-
كى**

1275 ـ يىلى جۇڭگوغا كەلگەن ئىتالىيەلىك سودىگەر،
ساياھەتچى مارك. پولو ئۆزىنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى»دە
جۇڭگو توغرۇلۇق نۇرغۇن خاتىرە قالدۇرىدۇ. بۇ ماتېرى-
يالدا يەنە قەدىمكى غەربىي دىيار توغرۇلۇقمۇ قىممەتلىك
ئۇچۇرلار يېزىلغان. بۇ خاتىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ياۋروپا
ئەللىرىنىڭ شەرققە بولغان قىزىقىشى قوزغىلىپ، ئىككى
چوڭ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان، بىرىنچى-
سى، «مارك. پولو ساياھەت خاتىرىسى»دىن ئىلھام ئالغان
كولومبو 1442 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ
جۇڭگو ۋە ھىندىستانغا يېزىپ بەرگەن دۆلەت خېتىنى
ئېلىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ ئوقۇشماستىن ئامېرىكا قۇ-
رۇقلۇقىنى تاپىدۇ ۋە ھىندىستانغا كەلدىم دەپ، ئېسكىموس-
لارغا «ئىندىيان» دەپ ئىسىم قويىدۇ. بۇنىڭدا مارك. پو-
لونىڭ ياۋرو ـ ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى توغرۇلۇق بېرىل-
گەن مەلۇماتلار تولىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىككىنچى-
سى، 20 ـ ئەسىردە غەرب ئېكىسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ يىپەك
يولىنىڭ ئوتتۇرا بەلبېغىنى تەكشۈرۈش دولقۇنى قوزغىلىدۇ.
گېرمانىيە، شۋېتسىيە باشچىلىقىدىكى ئونغا يېقىن غەرب دۆ-
لەتلىرى ئۆز دۆلىتىدىكى داڭلىق شەرقشۇناسلارنى بۇ را-
يونغا ئەۋەتىدۇ. بۇلار كېيىنچە ياۋروپادا يىپەك يولى تەتقى-
قاتى شەرقشۇناسلىق ساھەسىدە مەشھۇر كىشىلەرگە ئايلىنى-
دۇ. مەسلەن، ستەيىن، گېرىنىدۋېل، لىكوك، پېللوئىت قا-
تارلىقلار. يۇقىرىقىلارنىڭ قىممەتلىك ئۇچۇرلىرى يېقىنقى
زامان يىپەك يولىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن
مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.

كۆپچىلىككە مەلۇم، ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقى ئىنسا-
نىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدۇر. بۇ رايوندا ئىنسانى-
يەت ئىدېئولوگىيەسىگە تەسىر قىلىدىغان بىر نەچچە چوڭ
مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن. بۇلار جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىك مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى ۋە مېسوپوتامىيە
مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن
مىلادىيىدىن كېيىنكى 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان 1700 يىل ما-
بەينىدە ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ئىنسانلار بۇ يولدا
ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ زور كۆلەملىك ئالماشتۇرۇش ھەرى-
كىتىنى قانات يايدۇرغان . يىپەك يولى مۇشۇ ئۇزاق يىللار-
دا توختىماستىن، ئىزچىل ھالەتتە تولىمۇ «جۇشقۇن» كەي-
پىيات بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيىتىنى بىر -
بىرسىگە باغلىغان ۋە ئۇچراشتۇرغان. ئۇ ياۋرو ـ ئاسىيا قۇ-
رۇقلۇقىدىكى بارلىق مەدەنىيەتنىڭ جۇغلانمىسى بولۇپ
قۇرۇقلۇقتا تورلاشقان بۇ قەدىمكى يول تەبىئەت، ئىنسانى-
يەت ساھەسىدىكى بارلىق ئالماشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان. تەسىر دائىرىسى يەر شارى كۆلىمىنىڭ تۆتتىن بىرى-
نى ئىگىلىگەن. بۇ يول ئۆزىنىڭ ئۈچ مېتىرغىمۇ يەتمىگەن
كەڭلىكى (هارۋا چاقىنىڭ كەڭلىكى بىلەن باراۋەر) بىلەن
8000 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا، ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن سېرىق
دېڭىز (شەرقىي دېڭىز) نى تۇتاشتۇرۇپ شەرق ـ غەرب مە-
دەنىيىتىنى ئۇلاشتۇرغانىدى. دۇنيادىكى ئوندىن توققۇز
كىشى (ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى خەلقنىڭ نوپۇسى
دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئوندىن توققۇزنى ئىگىلەيدۇ) بۇ قەدىم-
كى يولدىن مەنپەئەتلەنگەن. دېمەك، بۇ قەدىمكى قاتناش
بەلبېغى دۇنيادىكى ئەڭ ئاددىي قاتناش قورالى ( تۆگە،
ئات هارۋا قاتارلىقلار) ئارقىلىق غەرب ـ شەرق ئوتتۇرىسى-
دا باغلانما كارىدور هاسىل قىلىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ
ئۆزئارا ئۇچرىشىشىغا شارائىت يارىتىپ، «چۈمۈلە» روھى-
نى جارى قىلدۇرۇپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ، مەدەنىيىتى-
نىڭ، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.
بۇ خىلدىكى «تۆھپىلەر» ئەلمىساقتىن بۇيان باشقا ھەرقان-
داق يول، ھەرقانداق مەدەنىيەت ھادىسىسى ياكى ھەرقان-
داق دۇنياۋى ھەرىكەتلەردە بارلىققا كەلگەن ئەمەس. تا-
رىختىن بۇيان ھېچقانداق مەۋجۇداد ئىنسانىيەت تەرەققىيا-
تىغا بۇنداق زور ھەسسىلەرنى قوشقىنى يوق. بۇ مەنىدىن
قارىغاندا، بۇ قەدىمكى يول تولىمۇ ئۇلۇغ ۋە بىھېساب
قىممەتكە ئىگىدۇر. كونكرېتنى قىلىپ شەرھلىگەندە،
شەرقتە جۇڭگونىڭ شىئەن (قەدىمدە چاڭئەن دېيىلەتتى)دىن
باشلىنىپ، غەربتە جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيادىن
ئۆتۈپ بىۋاستە ياۋروپاغا بارىدىغان بۇ يولنى كىشىلەر
ھەر خىل ئاتاشقان. مەسلەن: مەدەنىيەت يولى، سودا
يولى، كارۋان يولى، تېخنىكا يولى، قاشتېشى يولى، ئىستىقا-

مەت يولى، ھەجە يولى... قاتارلىقلار. تەتقىقاتچىلار بۇ يولنىڭ خەلقئارا سەھنىدە ئوينىغان رولىغا قاراپ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم تازا گۈللەنگەن باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن دەپ قارايدۇ. يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردىن مىلادى 4-ئەسىرگىچە (بۇ دەۋر بۇددىزم گۈللەنگەن دەۋر)، ئىككىنچى دەۋرى بولسا 5-ئەسىردىن 8-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىق، ئۈچىنچى باسقۇچى بولسا، موڭغۇللار ئىستىلاسى دەۋرى 13-ئەسىردىن 15-ئەسىرگىچە. غەرب-شەرق مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئىشقىلىپ ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا غەربتە شەرقنىڭ، شەرقتە غەربنىڭ تەسىرى ئۇچرىغانلىكى بۇيۇم، ھادىسە، ئەپسانە-چۆچەك، مەدەنىيەت ھادىسىسى ۋە غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرى... لارنى يىپەك يولى بىلەن باغلايدۇ. بۇ خىل تەسىرى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە سىڭگەن، ئىنسانلار دۇنياسىدىكى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بۇ مەدەنىيەت تونىلىنى ئاخىر 1877-يىلى گېرمانىيەلىك مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى رىچىسوفىن (Richthofen Ferdinand. Von) ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «جۇڭگودىكى ساياھەت نەتىجەم» ناملىق كىتابىدا تۇنجى بولۇپ يىپەك يولى (Seidenstrassen) دەپ ئىسىم قويغان. ھەمدە غەرب ئالىملىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يول خەلقئارادا «يىپەك يولى» نامى بىلەن تەرىپلىنىپ، تەتقىق قىلىنىپ، تەسىر دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ بارغان. مەسىلەن: رىچىسوفىن ئەينى ۋاقىتتا ئېنىقلىما بەرگەن دائىرىسى پەقەت جۇڭگو، غەربىي يۇرت، ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان قاتناش يولى ياكى سودا يولىنى كۆرسەتكەن بولسا، كېيىنكىلەر، مەسىلەن: ئالبېرت ھېرمان (A.Herrman)نىڭ «جۇڭگو بىلەن سۇرىيە ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى يىپەك يولى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ يولنى تېخىمۇ ئۇزارتىپ غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزغىچە ئاپارغان، بۈگۈنكى تەتقىقات نەتىجىسىدىن كۆرە بۇ يول تېخىمۇ ئۇزىراپ تەسىرى ھەتتا ئافرىقا قىتئەسىگىچە بارغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. شەرق-غەرب يۆنىلىشى جەھەتتىن قۇرۇقلۇق يىپەك يولى ۋە دېڭىز يىپەك يولى دەپ ئايرىلىپ، ئىنسانلارنىڭ دېڭىز قاتنىشى راۋاجلانغاندىن كېيىن قۇرۇقلۇق يىپەك يولى خارابلاشقان دەپ ھۆكۈم قىلىشماقتا. ئەمەلىيەتتە، قۇرۇقلۇق يىپەك يولى تاكى ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ رولىنى يوقاتقىنى يوق. دەۋرىمىزدە يېڭى يىپەك يولى ياكى سىياسىيونلارنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى دەپ تەرىپلىشىدە بۇ بۈيۈك يولنىڭ ھېلىھەم ئىستېمالدىن قالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ قەدىمكى سودا-مەدەنىيەت بەلبېغىنى تەتقىق قىلغۇچىلار، يىپەك يولى زور تۈركۈم ئىنسانلارنىڭ ئېتىقادىنى، ئىدېئولوگىيەسىنى، مىللەت تەغدىرىنى، دۆلەت تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە-كۆز قاراش، مەدەنىيەت-سەنئەت، سودا-ئىقتىساد، تۇرمۇش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگىچە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان بۈيۈك تونىلىدىن ئىبارەت. ئۇنداقتا، بىزمۇ زور قەدىمكى قاتناشنىڭ تۈگۈنى بولغان دىيارىمىزغا قاراپ باقايلى.

يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكى قەدىمكى خەن دەۋرىدە «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان بۇ رايون ناھايىتى كەڭ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جۇغراپىيە ۋە كىلىمات جەھەتتە كۆپ خىللىققا ئىگە. ئادىمىيەت مەنزىرىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ رايون يىپەك يولىنىڭ ئەڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان «كۆپ ئەسىرلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئوتتۇرا ئاسىيا سودا كارۋانلىرىنىڭ كۆپلىگەن سودا يولى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى جۇڭگو بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان يول ئىدى (تارىم ۋادىسىنى دېمەكچى)،... سەپەر قىلغۇچىلار، سودىگەرلەر، ھەج تاۋاپچىلار ياكى ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا يۇرۇشى ناھايىتى ئاستا ئۇلاغلار بىلەن بۇنداق ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ بولۇش ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىدى» [5] بۇ رايون شەرق-غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان بەلباغ. بۇ رايون مەدەنىيىتى شەرق ۋە غەربتىن كەلگەن ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئىلغار بولغان، كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە، ئۆزگىچە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل ئەھۋال تارىم ئويمانلىقىدا تولىمۇ روشەن گەۋدىلەنگەن. يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكى ئومۇمىي لىنىيەنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ بۆلەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2700 كىلومېتىر ئەتراپىدا. ئۆتكەن ئەسىردىكى غەرب ئالىملىرى، ئېكسپېدىتسىيەلىرى، بۇ رايوننى پۈتۈن لىنىيە ئىچىدىكى ئەڭ جاپالىق، ئەڭ تەستە ئۆتكىلى بولىدىغان رايون دېگەن. دېمىسىمۇ، كارۋانلار تولىمۇ ئېگىز بولغان پامىر

ئېگىزلىكدىن ئۆتۈپ، تارىم بوستانلىقىغا كەلگەندە دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق تەكلىماكان چۆللۈكىگە يولۇقىدۇ. تۈگىمەس قۇم بارخانلىرىدىن شەكىللەنگەن بۇ قۇملۇق، ھەم قۇرغاق ھەم كۆچۈپ تۇرىدۇ. يۆنىلىش بەلگىلەش تولىمۇ قىيىن، شامال ـ قۇيۇن، ئۇسسۇزلۇق بۇ رايوننىڭ دائىملىق «مېھمىنى»، شۇڭا، خەلقئارالىق سودىگەرلەردىن تارقاتقۇچىلار، ھەجچىلەر، نوم ئالغىلى ماڭغانلار... چوقۇم بۇ جاينىڭ قەشقەر، كۇچا، قاراشەھەر ياكى تۇرپاندەك مەلۇم بوستانلىقىدا تولۇق دەم ئېلىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلاپ، ئاندىن يولغا چىقىشى زۆرۈر. دېمەك، تەبىئىي ھالدا يەرلىك خەلقنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى، كىيىم ـ كېچىكى، ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شۇ جەرياندا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ماددىي بۇيۇملارنى بۇ جايدا ساتىدۇ ياكى مالغا ئالماشتۇرىدۇ. شۇ تەرىقىدە، تىللىرى، مەدەنىيىتى تامامەن ئوخشىمايدىغان خەلق تەبىئىي ھالدا، ئۆزلىرى ھېس قىلمىغان ئاساستا ئۆزئارا مال ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ خىل ئىستخىيەلىك ئالماشتۇرۇش بۇ رايوننىڭ ئىقتىساد ـ مەدەنىيىتىگە تەسىر قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى، كىشىلەر ئىدېئولوگىيەسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ خىل شارائىت پەقەتلا يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىلا ھازىرلانغان بولغاچقا، خەلقىمىز ھازىردىن 2000 يىللار ئىلگىرىلا مۇكەممەل سودا، دىپلوماتىيە، يىرىك بازار ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭلاشقا، يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكى يىپەك يولىنىڭ ئومۇمىي لىنىيەسىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇ يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلىششىغا بىۋاستە تەسىر قىلغان، بۇ رايوننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى، خەلقىمىزنىڭ تارىختىكى نەتىجىلىرى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ خارابلىشىشى... قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر يىپەك يولىنىڭ تەغدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. تۆۋەندىكى چوڭ ئىشلار يۇقىرىقى يەكۈنىمىزنىڭ تولۇق ئىسپاتى بولالايدۇ. بۇ رايوندا كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ئالماشقان ياكى يوقالغان. ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئاللىبۇرۇن يوقالغان مەدەنىيەتلەر ھېلىھەم بۇ رايوندا ساقلانغان. تارىخ سەھنىسىدە يالتىراپ چاقنىغان كروران مەدەنىيىتىنىڭ مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا تۇيۇقسىز يوقالغان ياكى خەلقى كۆچۈپ كەتكەن. تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاپ يارغول قەدىمكى شەھرىدەك دۇنياغا داڭلىق توپا ئىمارەتلىك شەھەرنى بەرپا قىلغان، قاڭقىللار مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن كېيىن يارغول شەھرىدىن يۆتكىلىپ تەدرىجىي ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ تىلى ھازىرغىچە سىر بولماقتا.

بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 38 ـ غار مانى دىنى ئۆڭكۈرى ھازىرغا قەدەر دۇنيا تەۋەسىدىن يوقىلىپ كەتكەن، بۇ غار مانى دىنىنىڭ بىردىنبىر شاھىدىدۇر، 1980 ـ يىلى بۇ جايدىن تېپىلغان سوغدىچە نوم ھازىرغا قەدەر دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان قەدىمكى ھۆججەتتۇر، بۇ رايوندا كۆپلىگەن دىنلار پەيدا بولغان بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن باشقىسى ئاساسەن ئىستىمالدىن قالغان، بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىنىڭ خەلقىمىزگە قالدۇرغان ئىزى تولىمۇ چوڭقۇر بولۇپ، ھەتتا ھازىرقى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزگىچە سىڭىپ كەتكەن. باشقا دىنلارنىڭ ئىزلىرىنى ھېلىھەم تارىم ۋادىسىنىڭ بويلىرى، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرى ۋە شىمالدىكى يايلاق ماكانىمىزدىن تاپالايمىز. مۇشۇ بەلباغدا ياشىغان ھونلار، قاڭقىللار، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر، سوغدىلار، خەنزۇلار، سىيانپىلار، موڭغۇللار، مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇرغان. يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن بۇ جايدىكى خەلقلەر ئىشلەتكەن، سانسكرىت تىلى، ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى، براھما تىلى، سوغدى تىلى، پارس تىلى ۋە توخرى تىللىرىنى ئىشلەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇنداق كۆپ تىل قوللىنىلغان ھادىسىمۇ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ئۇچرىمىسا كېرەك. بۇ مول يېزىق مەدەنىيىتىمىز بىر تەرەپتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەللىششىگە تۈرتكە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى يىپەك يولىدا بەزىلىرى ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە، يىپەك يولىدىكى خەلقئارا كارۋانلارغا، سەيياھلارغا، دىندارلارغا مۇھىم ئالاقە رولىنى ئويناپ، شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىغان. بۇ ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى يېزىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم پاكىتتۇر. بۇ يېزىقلار دۇنيادىكى ئالتاي تىلى سىستېمىسى، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى ۋە موڭغۇل ـ خەنزۇ تىل سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشىدا زور رول ئويناپ، دۇنيا سېلىشتۇرمىسىدا تىلشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان.

يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىلغان پىرسىيە، رىم پۇللىرى، ئەينەك قاچىلار، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق بۇيۇملار مىلادىدىن بۇرۇنقى ئەسىرلەردىن باشلاپ مىلادى 14 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پىرسىيە، رىم خەلقلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سودا - مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۆرسەتسە، يىپەك يولى جۇڭگو تەۋەلكىدىكى رايونلاردىن تېپىلغان ئۈزۈم، كېۋەز، ئانار قاتارلىق مېۋە - ئۆسۈملۈكلەر غەربنىڭ مېۋە - چېۋىلىرىنىڭ شەرققە تارقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يىپەك يولىدىكى دۇنياۋى ئەسەرلەرمۇ يەنىلا مۇشۇ يول بىلەن شەرققە ياكى غەربكە تارقىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ سەرىنى ئېچىش ياكى يوقالغان قەدىمكى مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش ۋە بۇ يولدىكى دىنلارنىڭ تارقىلىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ تېپىلغۇسىز ئىسپاتتۇر. بۇ ئەسەرلەردىن داڭلىقلىرى ھېرودوتنىڭ «تارىخ»، بەنگۇنىڭ «خەن سۇلالىسى تارىخى — غەربىي دىيار تەزكىرىسى»، شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك - تاڭ سۇلالىسى غەربىي دىيار تەزكىرىسى»، مەشھۇر دىنىي كىتابلاردىن «قۇرئان كەرىم»، كۆپلىگەن بۇددا نوملىرى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «مارك. پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدە يەنە ئاتەشپەرەسلىك، مانىزم، خىرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى، داجاۋ دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىن قوللىنىلغان. جۇڭگودىكى بۇددىزىم غارلىرىنىڭ «بوۋىسى» دەپ نام ئالغان كۇسەن بۇددىزىم غارلىرى ۋەكىللىكىدىكى شىنجاڭ بۇددىزىم سەنئىتى بۇددا دىنىنىڭ غەربتىن - شەرققە تارقالغانلىقىنىڭ تىپىك ئىسپاتى.

ئۇيغۇر مۇقامى، ئۇيغۇر - ئۇسسۇل سەنئىتى قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. يۇقىرىقىدەك كۆپ مەنبەلىك يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە، ئىنتايىن زور «سىغمچان»لىققا ئىگە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. يىپەك يولىدىكى بۇنچە كۆپ يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى تەبىئىي ھالدا قەغەزچىلىك ۋە باسمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ تېخنىكىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدىمۇ يىپەك يولى مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، مىلادى 732 - يىلى تالاس (قىرغىزىستاننىڭ تالاس دەرياسى ئەتراپلىرى) ئەرەب قوشۇنىغا ئەسىرگە چۈشكەن تاڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى تېخنىكلاردىن پايدىلانغان ئەرەبلەر، سەمەرقەنتتە شۇ ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مەتبەئەچىلىك زاۋۇتىنى قۇرۇپ چىققان، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا قەغەز ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، قەغەزچىلىك تېخنىكىسى باغداد بىلەن دەمەشققە تارقالغان. 12 - ئەسىردە ئەرەبلەر بۇ تېخنىكىنى تۈنجى بولۇپ ئىسپانىيەگە ئەكىرگەن. 13 - ئەسىردە گېرمانىيەگە تارالغان. دېمەك، ياۋروپالىقلار پەقەت 13 - ئەسىردىن كېيىنلا قەغەز تېخنىكىسىغا ئېرىشكەن. بۇ بۈيۈك يولدا ئىنسانلار دۇنياسىدىكى نۇرغۇن كەشپىياتلار تارقالغان. قەغەز ياساش تېخنىكىسى بۇ يىپەك يولىدا تارقالغان تېخنىكىنىڭ پەقەتلا بىرسىدۇر. بۇ قەدىمكى يول بويلىرىدا يۇلتۇزدەك تارقالغان قەدىمكى ئىمارەتلەر شەرقىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا قۇرۇلۇش - بىناكارلىق تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دىيارىمىزدا بۇددا دىنى ئىمارەتچىلىكى ۋە ئىسلام دىنى ئىمارەتچىلىكىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىمارەت سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇل سالغان، شۇ ئارقىلىق دۇنيا ئىمارەتچىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. يۇقىرىقى مول مەزمۇنلۇق پاكىتلاردىن شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ئامېرىكىلىق مەشھۇر تارىخچى مورگان «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەريا ۋادىلىرىدا، بۇ ئاچقۇچنى تاپالىغاندىلا، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ» دەپ يەكۈن چىقىرىشىنىڭ ئىلمىي ئاساسىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك.

### 3. يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى ئويلىنىش

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، قەدىمكى گىرېكلەردىن باشلاپ جۇغراپىيە پېنى ياۋروپالىقلار ئەڭ چوقۇنىدىغان ئىلىمگە ئايلانغان. شۇ قىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە دۇنيا يىپەك يولى تەتقىقاتى يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىدىن باشلانغان. يەنى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلىنىپ 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاخىرلاشقان. گېرمانىيە، شۋېتسىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە، رۇسىيە قاتارلىق غەرب ئەللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكى، تىبەت رايونىدا ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يىپەك يولى تەتقىقاتى مۇستەقىل ئىلىم بولۇش يولىغا قاراپ ماڭغان. «شەرقتە ئىچكى دېڭىزدىن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونى، موڭغۇلىيە، شىمالدا سە-

بىرىيەنىڭ جەنۇبىدىن باشلاپ جەنۇبتا ئىران بىلەن ئافغا-
نىستانغا تۇتاشقان چوڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى («بۈيۈك
بىرىتانىيە قامۇسى»دا بېرىلگەن ئۇقۇم، لوندون 1980 ـ
يىلى) ئەسلىدىنلا بىر تارىخىي مەدەنىيەتلىك رايون، بۇ
جاي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمدە ياشىغان جايى، ئەلمىساق-
تىن تارتىپ سىياسىي، ھەربىي، مىللەت، دىن، مەدەنىيەت
توقۇنۇشى ئەڭ كەسكىن بولغان رايون، مۇھىمى بۇ جاي
ياۋرو ـ ئاسىيا مەدەنىيىتى بىرىككەن رايون، يەنىلا بۇ
جاي، يىپەك يولىنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈگۈنىدۇر» [6] دەپ يا-
زىدۇ دوكتور لى مىڭۋېي. فىرانسۇزلار مەدەنىيەت جەھەت-
تە ياۋروپادا ئالدىنقى قاتاردىكى مىللەت، بۇلار يىپەك يولى-
نى تەتقىق قىلىش ئىشىنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغان. 1822 ـ
يىلى ياۋروپادا تۇنجى بولۇپ فىرانسىيە ئاسىيا ئىلمىي جەم-
ئىيىتى، فىرانسىيە ئىنستىتۇتى ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنى
قۇرۇپ بۇ ئاساستا خەنزۇشۇناسلىق، تۈركشۇناسلىق، تى-
بەتشۇناسلىق، موڭغۇلشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىنى
قۇرۇپ بۇ ساھەدە نۇرغۇن ئىش قىلغان. ھېلىھەم فىران-
سۇزلارنىڭ تەتقىقاتى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. يۇقىرىدا
دېيىلگەندەك، ياپونلار بۇ چوڭ ساھەنى تېخىمۇ پارچىلاپ
تەتقىق قىلىپ دىن، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، بىناكار-
لىق... قاتارلىقلار بويىچە مەخسۇس تەتقىقاتتا دۇنيانىڭ
ئالدىدا تۇرىدۇ. جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قە-
دىمكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلغۇچى دۆلىتىمىزدىكى
داڭلىق ئالىملارمۇ فىرانسىيە، گېرمانىيە ياكى ياپونىيەدىكى
يىپەك يولى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئوقۇغان ياكى بىلىم ئا-
شۇرغان. دۆلىتىمىز بۇ جەھەتتە نىسپىي ئارقىدا بولۇپ، ئى-
شىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن كېيىن تەتقىقاتتا ھەقىقىي
يۈرۈش قىلغان ۋاقتى يىپەك يولىنى دۇنيا مەدەنىيەت مە-
راسلىرىغا يوللاشقاندىن كېيىن تەدرىجىي چوڭقۇرلىششقا
باشلىغان.

ئۇنداقتا، بۇ قەدىمكى يولدا يۇقىرىقىدەك مۆجىزىلەر
ساقلانغان بولسا، بۇ يولنىڭ قىممىتىنى خەلقىمىز قانچىلىك
ھېس قىلالىدى؟ ئالىملىرىمىز قانچىلىك تەتقىق قىلدى؟
بۇ يولدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رولى نېمە؟... دېگەندەك بىر
قاتار سوئاللار ئالدىمىزغا قويۇلىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەم-
مەدئىمىن دەل بۇ ساھەگە يۈرۈش قىلغان تۇنجى ئۇيغۇر
ئالىمدۇر. ئالىمنىڭ «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»،
«يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە تۆگقۇش روھى»،
«يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەگگۈشتەرىنى قايتا
تېپىۋېلىش»، «يىپەك يولىدا قايتا ئۈيلىنىش»، «يىپەك يو-
لىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى» ناملىق ئەسەرلىرى ئىلگىرى ـ
كېيىن مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، مەن بۇ
ماقالىنى نەچچە يىللار ئىلگىرى ئوقۇغانىكەنمەن، كېيىن
توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنغان بۇ نادىر ئەسەرلەردە يىپەك
يولىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى، يىپەك يولىدىكى ئۆزىمىزنىڭ
يىرىك مەدەنىيىتىمىز، ئەجدادىمىزنىڭ بۇ يولدىكى يارقىن
ئىزلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر پاكىتلار يېزىلغانىدى. مەزمۇ-
نىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن، پاكىتلارنىڭ موللۇقىدىن ھەيران
قالغانىدىم، ئەمدى ھېس قىلسام شۇ يىللاردا يىپەك يولى
توغرىسىدىكى چولتا بىلىمىم بۇ يولنىڭ تارىخىي قىممىتىنى
دېگەندەك ھېس قىلالمىغانىكەنمەن. ئوقۇش پۈتكۈزۈشۈم
دەل دۆلىتىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىرلىكتە
يىپەك يولى خەلقئارا ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇش يىرىك
پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشقا توغرا كەلگەچكە مەتبۇئاتلاردا
يېڭى يىپەك يولى توغرۇلۇق كۆپلىگەن تەشۋىقاتلار چىقىش-
قا باشلىدى، ماقالەمنى بۇ ھەقتىكى ئۇيغۇرچە ماتېرىيال
بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ
باقاي دېگەن ئۈمىدتە ئۆزىمىزنىڭ يېزىقىدىكى ھازىرغىچە
ئېلان قىلىنغان ماتېرىيالنى ئىزدەشكە باشلىدىم. مەن تاپال-
مىدىممۇ ياكى بىزدە بۇ بۈيۈك يول ھەققىدە تەتقىقاتچىلار
كەمچىلمۇ، ئىشقىلىپ ماتېرىياللار تولىمۇ ئاز ئىدى.
«يىپەك يولىدىكى 99 سىر (ياپونىيە، تەرجىمە)»، «يىپەك
يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار (ئەنگلىيە، تەرجىمە)»،
«يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» قاتارلىقلاردىن باشقا
ماتېرىيال تاپالمىدىم. «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»
قاتارلىق يۈرۈشلۈك ماقالىلەر ئۆزىمىزنىڭ تىلىدا يېزىلغان
يىپەك يولىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق
قىلغان تۇنجى ئەسەر ئىكەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ياكى ئۇ-
نىڭدىن كېيىنمۇ بۇ توغرۇلۇق ماقالىلەر ئېلان قىلىنماپتۇ.
ئالىم يىپەك يولى ھەققىدە تولىمۇ چوڭقۇر ئىزدەنگەنىكەن.
ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە نۇرغۇن ئىلغار پىكىرنى ئوتتۇرىغا
قويغان، كەسكىن خىتابلارنى قىلغان ۋە يىپەك يولىدا ئۇي-
غۇرلار مەدەنىيەت، ئىدىيە جەھەتتە قانداق قىلىش توغرى-
سىدا ئالدىن كۆرەرلىك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسى-
مۇ، نېمە ئۈچۈندۇر خەلقىمىز ئۆزىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ
باغلانغان بۇ بۈيۈك يولنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى ئۇنىڭغا گۇ-

مانى نەزەر بىلەن قارىغانلىقتىنمۇ، خۇددى ئۆزى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوقتەك ئەيتاۋۇر بۇ تېما ئۈستىدە تەتقىقات ياكى ئانالىز قىلىپ باقمىغان. «يەنىلا خەلقىمىزدە نەچچە مىڭ يىل ئىنىكئانا بولغان ئۆتمۈش ھەققىدە، بىز ياشاپ كەلگەن، بىزنى يېتىلدۈرگەن قەدىمكى يىپەك يولى ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى سىزگە يەتكۈزگۈم كەلدى». [7] دەيدۇ ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن. ھېچ بولمىغاندا ئالىمنىڭ بۇ يىرىك ئەسىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن بولسىمۇ، ئەجابىي پىكىرلىرىمۇ يېزىلماپتۇ. بۇ خىل ئەھۋال كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، بۇ يولدا بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز، جۇملىدىن دىنىي ئېتىقادىمىز، ئۆرپ ـ ئادىتىمىز، ئىجتىمائىي پەلسەپەيىمىز، ئىدېئولوگىيەمىز چېتىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ قەدىمكى ئالىملىرىمىز يەنىلا مۇشۇ يولدا غەربكە مېڭىپ، «تۈركىي تىللار دىۋان»نى، يەنە مۇشۇ يولدا، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكىش تەسىرىدە ھاسىل بولغان ئوي ـ پىكىردىن، «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىپ چىققان ئەمەسمۇ؟ بۇ يول بىز ئۈچۈن بىر مەرىپەت يولى ئەمەسمىدى؟ كىممۇ يىپەك يولى ئۇيغۇرلارغا تەرەققىيات ئەكەلمىدى دېيەلىسۇن؟ دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىننىڭ ئىككىسى، يەنى بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى خەلقىمىزگە مۇشۇ يول ئارقىلىق تارقالغان ئەمەسمۇ؟ ھەتتا يېقىنقى زاماندىكى بالدۇر ئويغانغان كىشىلىرىمىز مۇشۇ يولنى بېسىپ نۇرغۇن مۇشەققەتتە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايىغا بېرىپ بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىنىڭ بەش پەرزىنى ئادا قىلغاچ ، يەنە بىر تەرەپتىن دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان مۇسۇلمان ئەللەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئوخشىمىغان تەرەققىياتنى، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتنى تېخىمۇ چۈشىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىچىدە يېتۈك كىشىلەرگە ئايلانغان ئەمەسمۇ؟ شەرقنىڭ داڭلىق سەيياھلىرى فاشىئەن ۋە شۈەنزاڭدەك ئىستىقامەتچىلەرمۇ مۇقەددەس نوم ئالغىلى مۇشۇ يولدىن پايدىلىنىپ ھىندىستانغا بارغان. شۇ جەرياندا ئاق كۆڭۈل خەلقىمىزنىڭ قىزغىن ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇراد ـ مەقسەتلىرىنى ئادا قىلالىغان ئەمەسمۇ؟! مۇشۇ يولدىن ئوزۇقلىنىپ، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنى باغلاپ ئۇچراشتۇرغان تۇرۇقلۇق، بۇ يولنىڭ خاسىيىتىدىن، بۇ يولنىڭ رولىدىن، بۇ يولنىڭ روھىدىن چەتنەپ كەتتۇقمۇ قانداق؟ ھېلىمۇ ئېسىمدە، 2008 ـ يىلى يىپەك يولىنى دۇنياۋى مىراسقا يوللاش خەلقئارالىق يىغىنىدا، كۆزەتكۈچى بولۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلىگەن، ياپونىيە ھۆكۈمەت تەرەپ ۋەكىلى (ئالىملار) بۇ قېتىمقى يىپەك يولىنى دۇنيا مىراسلىرىغا يوللاش خەلقئارالىق پائالىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ قاتناشتۇرۇلمىغانلىقىنى ناھايىتى ئېغىر ئېلىپ، نۇرغۇن پاكىت كۆرسىتىپ يىپەك يولى مەدەنىيىتى ئاخىرىدا ياپونىيىمۇ بارغان، ياپونلارمۇ بۈيۈك يولدىن مەدەنىيەت قوبۇل قىلغان دەپ سۆزلىگىنىنى، يەنىلا شۇ قېتىملىق يىغىندا ئافغانىستان ۋەكىلى يىغىن تەرتىپىنى بۇزۇپلا ئۆز دۆلىتىنىڭ بۇ يولنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگىنى ئىكەنلىكىنى، نېمە سەۋەبتىن بۇ كاتتا ئىشقا قاتناشتۇرۇلمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، شىئەننى بۇ بۈيۈك يولنىڭ شەرقتىكى باشلىنىش نۇقتىسى، دەپ خەلقئارادا ئېنىق چۈشەنچە بېرىلگەن بولسىمۇ، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ۋەكىلى بۇ يولنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى لوياڭ شەھىرى دەپ سۆزلىگەندە شەنشى ئۆلكىسىدىكى تەتقىقاتچىلار بىلەن خېنەن ئۆلكىسىدىكى تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىسىدا توردا بىر مەھەل «ئېغىز» ئۇرۇشى بولغانىدى. دېمەك، بۇ بۈيۈك يولنىڭ «يۈرىكى» ھېسابلانغان دىيارىمىزنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ھېسابلانغان ئۇيغۇرلاردا يىپەك يولى تەتقىقاتى تېڭىرقاش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقاندا ئەتراپىمىزدىكى ئەللەر، مىللەتلەر بۇ يولنى مەدەنىيەت ئەڭگۈشتەرى دەپ ھېسابلاپ، ئۆزلىرىنىڭ يىراق ئۆتمۈش مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىنى بۇ يولدىن ئىزدەپ يۈرۈپ تەتقىقاتنى باشلىۋەتكەن. بىزدىن پەقەت ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىندىن باشقا كىشىلىرىمىز بۇ ھەقتە باش قاتۇرمىغانىكەن. باشقىلار ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ھېسابلانغان بۇ بۈيۈك كارۋان يول بىزدە ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغانىدى. ئالىم بۇ جەھەتتە تولىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ، بۇ يولدىكى ھېكمەتلەر، بۇ يول بىلەن ئۇيغۇر تارىخى ۋە تەقدىرىنى باغلاش، ئۇيغۇرلارنىڭ يارقىن تارىخىنى، ئۇسسۇل ـ سەنئىتىنى، يېمەك ـ ئىچمىكىنى، بىزدىكى نۇقسانلارنى، ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولىمۇ ئوبرازلىق تەرىپلەپ، يېڭى ئەسىردە يېڭى يىپەك يولى روھى ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىشقا، ئويغىنىشقا چاقىرغانىكەن. «ئەجدادلىرىمىزدا قەدىمكى يىپەك يولى گۈللەنگەن زامانلاردا بىر تەرەپتىن چەتكە، يېڭىلىققا غەيرىي ۋە ئىجادىي نەرسىلەرگە قىزىقىش روھى ئۈستۈن بولغان بۇ روھىيەت تۈپەيلى ئۇلار مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىنى يېڭىپ غەربىي يۇرتقا خاس مەدەنىيەت ئۇسلۇبى، مەدەنىيەت قو-

شۇلمىسنى يارىتىپ جاھان مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان». [8]
ئالىمنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆتكۈر پىكىرلىرى ھازىرقىدىن 15
يىل بۇرۇن ئېيتىلغان دۇردانىلەر بولۇپ، ئالىم بۇ خىلدىكى
كارۋان روھى، ئات ئۈستىدىكى جەسۇر قىياپىتىمىزنى
بۈيۈك يىپەك يولى ئارقىلىق يورۇتۇپ تولىمۇ ئالدىن كۆ-
رۈنەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئەسلىدە بۇ خىلدىكى
نادىر ئەسەرلەر، تەتقىقات ماتېرىياللىرى بىزدە كۆپلەپ يې-
زىلىشى كېرەك ئىدى. ئالىمنىڭ بۇ نادىر ئەسىرى ئېلان
قىلىنغاندىن كېيىن بىزدە يىپەك يولى ئۈستىدە ئويلىنىش، بۇ
خەلقئارالىق يولدىن كىملىكىمىزنى ئىزدىشىمىز كېرەك ئىدى.

دېمەك، بىز بۇ يولنى تاشلىۋەتتۇقمۇ ياكى يول بىزنى
ئۇنۇتتىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە مۇشۇ يولدا ئېرىشكەن قەدىمي
ئۇدۇم بىزنى خەلقئارالىق سودىگەر مىللەت قاتارىغا
باشلاپ كىرگەن بولغاچقا، بۇ خىل قەدىمكى «قان» تاكى
ھازىرغىچە مىللىتىمىزنىڭ تومۇرىدا ئاققاچقا، نۇرغۇن ۋە-
تەنپەرۋەر سودىگەرلىرىمىز بۇ يولدا ئايروپىلان بىلەن
قاتناپ ئەجدادىنىڭ غەرب - شەرقنى تۇتاشتۇرۇش ئەنئەن-
ىسنى جارى قىلدۇرۇپ، قەدىمكى سودا كارۋان يولىدا،
ئۈن - تىنسىز كېلىۋاتقانىكەن. بۇ خىل ھالەتنى ئالىم ئابدۇ-
شۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن ئوبرازلىق قىلىپ «ئالىلقاچان ھا-
زىرقى زامان سودا رىقابىتىنىڭ ئۇچقۇنلۇق قايناملىرىغا
كۆكرەك كېرىپ چۆشكەن غەۋۋاس — ئۇيغۇر سودا تىجا-
رەتچىلىرىدىن ئىبارەت» دېگەن بۇ خىل روھ دەل قەدىم-
كى سودا مەدەنىيىتىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۇ-
زۇلمەس مېلودىيەسى خالاس. ئەمما بۇ بۈيۈك يولنىڭ مە-
نىۋىيىتىمىزدىكى، مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى، مەدەنىيىتىمىزدىكى،
تەرەققىياتىمىزدىكى رولىنى، دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان
تۆھپىمىزنى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى، مۇھىمى ئۆتكۈزگەن
سەۋەنلىكلىرىمىزنى چوڭقۇرلاپ تونۇپ يەتكۈچىلەر
ئازلاپ كەتكەنىكەن. شۇڭلاشقىمۇ بىزدە يۈز بېرىۋاتقان
چۈشكۈنلۈك، مەدەنىيەتتىكى چېكىنىش، ئۆزلۈك ئۈستىدە
ئويلانماسلىق، تەپەككۇرلىرىمىز تېيىز، ئانالىمىز ئاجىز بو-
لۇشتەك پاسسىپ پىسخىكا روھىمىزنى چىرمىۋالغانىكەن.
2012 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىدىن كەلگەن، ئۇزاق
يىل ئامېرىكا، گېرمانىيە ئەلچىخانىسىدا مەدەنىيەت مەسلى-
ھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن دۆلەت جۇنشىن ئەپەندىمگە
ھەمراھ بولۇپ قاناس ساياھەت رايونىغا بارغىنىمدا شىنجاڭ-
نىڭ تارىخى، ئۇيغۇر تىلى توغرۇلۇق پاراڭلاشقاندا «بىز
قەدىمكى يىپەك يولىدا ياشىغان خەلق. شۇڭلاشقا تارىختا
مول مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرغان، مەدەنىيىتىمىزدە
ياۋرو - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى قەدىمكى خەلقلەر مەدەنىيە-
تىنىڭ نۇرغۇن ئىزنالىرى بار، كۆپ خىللىقتا ئىگە ئۇيغۇر
تىلىمۇ يىپەك يولىدىكى مۇھىم قەدىمكى تىل، ئەگەر بىز
ئۆزىمىزنىڭ ئانا تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلى-
سەك، ئۇ چاغدا بىز غەربتە، ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن شەرقتە
جەنۇبىي دېڭىز ئارىلىقىدىكى بارلىق ئەللەردە، تەرجىمان-
سىز يۈرەلەيمىز. بۇ خىل ئالاھىدىلىك باشقا مىللەتلەردە
بولمىسا كېرەك» دەپ چۈشەنچە بەرسە، بۇ كىشى ناھاي-
تى ئەجەبلىنەرلىك ھېس قىلىپ يېگىچە بىر ئۇقۇمنى ھېس
قىلغاندەك بولغانىدى. دېمەك، بىز بۇ يولدا ئات چاپتۇ-
رۇپ ھەم ئۆگىنىپ، ھەم ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىپ،
بۇ مۇقەددەس يولنىڭ ئوتتۇرا بەلبېغىدا ھەقىقىي كۆۋرۈك-
لۈك رول ئوينىغاندۇق.

## 4. خاتىمە

يىپەك يولى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئانىسى، ئىنسانى-
يەتنىڭ مەدەنىيەت قانىلى. دۇنيادىكى سىستېملاشقان مەدە-
نىيەتلەر بۇ يولدا تېخىمۇ تاكامۇللاشقان بۈيۈك يولنىڭ تۆ-
گۈنى بولغان تارىم ۋادىسى ۋە ئەتراپىدىكى جايلار يۇقى-
رىقى چوڭ ئىشلارنىڭ، مەدەنىيەتلەرنىڭ ئەڭ مۇكەممەل
ئىسپاتلىغۇچىسى. 2013 - يىلى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ
قازاقىستان نەزەربايېف ئۇنىۋېرسىتېتىدا لېكسىيە سۆزلىگەن-
دە، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يارىتىش ئۇقۇمىنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇپ، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ئەللى-
رى يەنە بىر قېتىم قول تۇتۇشۇپ يېڭى يىپەك يولىنى قايتا
جانلاندۇرۇپ، ياۋرو - ئاسىيا ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى گۈل-
لەندۈرۈش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مېنىڭچە، بۇ پىكىر-
نىڭ دەسلەپكى ئاساسى يەنىلا يىپەك يولىنىڭ تەڭداشسىز
سېھرىي كۈچى ۋە بۇ يولنى بىرلىشىپ دۇنيا مەدەنىيەت مى-
راسلىرىغا يوللاش ئۇلۇغ پىلانىدۇر. كۆپچىلىككە مەلۇم،
ھازىرقى زاماندا مەدەنىيەتنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ئىقتىساد-
تىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كېڭىيىشىدە ئى-
دېئولوگىيە بىرلىكىنى ئاساس قىلغانلىقى بۇ نۇقتىنىڭ تىپىك
مىسالى. «يىپەك يولىنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن بىزگە
ئىككى نەرسە لازىم. تارىخىي ئىپتىخار ۋە ئۇنىڭدىن تۇ-
غۇلغان ئىشەنچ؛ ئىككىنچىسى، تارىخىي خاراكتېرلىك
نومۇس ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان جاسارەت. قەدىمكى

يىپەك يولنى ئۆتنۈپ كەتكەن ۋە يېڭى يىپەك يولدا تەترەپ تۇرغان خەلق ئۈچۈن بۇ ئىككى روھى زىلزىلىنىڭ بىرسىمۇ كەم بولماسلىقى كېرەك» [9]. يۇقىرىقىلارغا ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن، بىزنىڭ بىرلىششىمىزنى، ئىتتىپاقلىششىمىزنى، ھەمكارلىششىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، بىلىم ئىگىلىكى ئەنئەنىۋى سودا ئۇقۇمىنى بۇزۇپ تاشلىغان، زامانىۋى ئىدېئولوگىيە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە خىرىس قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يىپەك يولدا قايتا ـ قايتا ئويلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ جان تومۇرى يەنىلا بىزنىڭ دىيارىمىز. بىز يەنىلا يىپەك يولى روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۈۋرۈكلۈك رولىمىز، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىمىز، سودا ساھەسىدىكى چاققانلىقىمىز بىلەن تىرىشىدىغانلا بولساق، ئىشىنىمەنكى، بۇ يولدا يەنىلا گۈزەل كېلەچەك يارىتالايمىز. دەرۋەقە، بۇ نىشان بىزگە ئاسانلىقا چۈشمەيدۇ، ھەتتا ئۆتكەن زاماندىن كۆپرەك بەدەل تۆلىشىمىز مۇمكىن، كونا يىپەك يولدا قىسمەن كىشىلەر بەيگىگە چۈشكەن بولسا، يېڭى يىپەك يولدا ئات چاپتۇرغانلارنىڭ سانى كۆپەيدى. «يولدا تەشەببۇسكار ئورۇننى ئىگىلىگەن مىللەت مەدەنىيەتتە ئىلگىرى كەتكەن مىللەتتۇر». [10] كەسكىن رىقابەت ـ خىرىسقا تولغان بۇ يول، يىپەك يولنى چۈشىنىدىغان، بۇ يولنى تەتقىق قىلىدىغان، بۇ «يول»دا باشلامچى بولۇپ ماڭالايدىغان چوڭقۇر پىكىرلىك، تەپەككۇرغا باي كىشىلىرىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بىر ئۇنىۋېرسال پەن بولۇپ چېتىشلىق دائىرىسى تولىمۇ كەڭ، شۇڭا، ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىمىزدا ئۆزىمىزدىن بۇ يول ئۈستىدە تەتقىق قىلىدىغان ئىلغار پىكىرلىك يۇقىرى قاتلام ئالىملىرىمىزنى تەربىيەلەپ چىقىش، مەتبۇئاتلىرىمىزدا تاراتقۇلىرىمىزدا مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ بۇ يولنىڭ ئەھمىيىتىنى، مۇھىملىقىنى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئىشلارنى، مەشھۇر شەخسلەرنى، تەتقىق قىلغۇچىلار ئەمگىكى ۋە نەتىجىسىنى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق بۇ «يول»دىن تارىخىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى تېپىشىمىز، بۇ «يول» ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشىمىز، بۇ «يول»نىڭ خاسىيىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ باشقىلارغا ئوخشاش ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت مەنپەئەتكە ئېرىششىمىز كېرەك. ئاخىرىدا ئالىمنىڭ مۇنۇ ختابىنى كەڭ خەلقىمىزگە سۇنىمەن. «يېڭى يىپەك يولى ئالامەتلىرى ئالدىدا كېيىكتەك چۆچۈپ، ئېغىر خورلۇق ۋە ئۆزىنى كەمسىتىش روھىيىتىدە قورۇنۇپ تۇرغان خەلقىمىزگە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ياراتقان تەڭداشسىز مۆجىزىلەرنى تونۇتۇش ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ تۇنجى خىزمىتىدۇر. ئۇلار بۇ شۆھرەتلىك تارىختىن خەۋەردار بولۇشقا ھوقۇقلۇق».

2014 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

ئىزاھاتلار:

[1] بۇ دۇنياغا داڭلىق رەسسام، توكيو سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشلىقى، ب د ت پەن ـ مائارىپ ـ مەدەنىيەت مەھكىمىسىنىڭ، ساخاۋەتچى ئەلچىسى، 1990 ـ يىلى 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى چىقىرىپ، ب د ت پەن ـ مائارىپ مەھكىمىسىدە «خىرايياما يىپەك يولى مۇكاپات فوندى»نى تەسىس قىلىپ دۇنيادىكى بۇ يولنى تەتقىق قىلغان ياش تەتقىقاتچىلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەنىكەن.

[2] 2002 ـ يىلى ب د ت نىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى يىلى ھەمدە «دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خەلقئارا ئەھدىنامەسى»غا ئىمزا قويۇلغانلىقىنىڭ 30 يىل بولغان خاتىرە يىلى ئىدى.

[3] ب د ت پەن ـ مائارىپ ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى «شىئەن خىتابنامىسى» 2002 ـ يىلى 11 ـ ئاي جۇڭگو، شىئەن.

[4] ئىسپانىيە بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىر يول بويىدا جەمئىي 1800 مۇناستىر، چېركاۋ، مېھمانخانا، كۆۋرۈك، يول بەلگىسى قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرى ساقلانغان. فىرانسىيە بۆلىكى 157.5 كىلومېتىر بولۇپ، 66 ئورۇندا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى ساقلانغان.

[5] گاۋېن ھامبلى (ئامېرىكا) ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخي تىزىسلىرى مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 12~15 ـ بەتلەر، 2008 ـ يىلى.

[6] لى مىڭۋېي: «يىپەك يولى تەتقىقاتىنىڭ 100 يىللىق تارىخى ھەققىدە»، غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى، لەنجۇ، 2005 ـ يىللىق 2 ـ سان.

[7] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2001 ـ يىلى 145 ـ بەت.

[8] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 107 ـ بەت.

[9] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 155 ـ بەت

[10] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ مەدەنىيىتى، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان.

---

ئاپتور: جىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى بىناكارلىق پەنلىرى دوكتورى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ.




## بەتنىيەتلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئوخشاش بولىدۇ

**مو يەننىڭ شەرقىي ئاسىيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە سۆزلىگەن نۇتقى**

ياپونىيەلىك دوستلارنىڭ مۇشۇ مۇنبەردە مۇشۇنداق بىر باي مەزمۇنلۇق تېمىنى تاللىغانلىقىغا تەشەككۇر بىلدۈرىمەن ۋە ئۇلارغا بولغان قايىللىقىمنى بىلدۈرىمەن.

كىشىلىك جەمئىيەت ـــ شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن ئۆتىدىغان، بەكمۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە، كەيپ ـ ساپا بىلەن مەئىشەت قىلىپ، ئەيش ـ ئىشرەت سۈرۈپ ئۆتىدىغان بىر دۇنيادەك قىلىدۇ، قارىماققا كىشىگە بەكمۇ مۇرەككەپ بىر دۇنيادەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، ئىنچىكىلەپ ئويلاپ باقساق، بۇ پەقەت ئاساسىي جەھەتتىن نامراتلارنىڭ بايلىق ۋە مەرتىۋىگە ئىنتىلىشى، پۇلدار ـ مەرتىۋىلىكلەرنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش نەپسىنى قاندۇرۇشقا ئىنتىلىشىدىن ئىبارەت مۇشۇنچىلىك بىر ئىشتىنلا ئىبارەت، خالاس. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن دانىشمەنى سى ماچيەن مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ دۇنيادىكى خۇشاللىقلارنىڭ ھەممىسى پايدا ـ مەنپەئەتتىن كېلۇر، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىمۇ پايدا ـ مەنپەئەتتىن بولۇر». جۇڭگودا ئۆتكەن دانىشمەن ئەۋلىيالاردىن كۇڭ فۇزى مۇنداق دېگەنىدى: «بايلىق ۋە مەرتىۋىگە ھەممىلا ئادەم ھەۋەس قىلىدۇ، نامراتلىق ۋە گادايلىقتىن ھەممىلا ئادەم يىرگىنىدۇ». جۇڭگو پۇقرالىرى ئارىسىدا يەنە مۇنداق گەپ بار: «گادايلار كوچىدا يۈرسىمۇ سالام ـ سەھەت قىلىدىغان ئادەم چىقمايدۇ، باي ـ پۇلدارلار تاغ ئىچىگە كىرسىمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرى چىقىدۇ». مەيلى دانىشمەنلەر ياكى پۇقرالار ئېيتقان بولسۇن، ياكى زىيالىيلار ياكى ساۋاتسىزلار ئېيتقان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق بىلەن باي ـ پۇلدار، مەرتىۋىلىكلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا

**تەرجىمە كۆزنىكى**

ئېنىق چۈشەنچىسى بار. نېمە ئۈچۈن كىشىلەر نامراتلىقتىن يىرگىنىدۇ؟ چۈنكى، نامراتلار ئۆز ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ قاندۇرالمايدۇ، مەيلى يېمەك - ئىچمەك ھەۋىسى ياكى جىسمانىي ھەۋىسىنى، مەيلى نام - ئابرۇي شۆھرەتپەرەسلىكىنى ياكى ياسانچۇقلۇقنى، مەيلى دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بارغاندا ئۆچرەت ساقلىماسلىقنى ياكى ئايروپىلانغا ئولتۇرغاندا ئالىي ئورۇندا ئولتۇرۇشنى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت پۇل ئارقىلىق قانائەتلەندۇرگىلى، پۇل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئىشلار. ئەلۋەتتە، سىز خان جەمەتىدە تۇغۇلغان بولسىڭىز ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولسىڭىز يۇقىرىقى ئارزۇ - ھەۋەسلىرىڭىزنى قاندۇرۇشتا ئېھتىمال پۇل سەرپ قىلىپ ئولتۇرمايسىز. باي دېگىنىمىز — ئۇنىڭ پۇلى بولغانلىقى، مەرتىۋىلىك دېگىنىمىز — ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئەجدادىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە ھوقۇقى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە، پۇلىڭىز بولسا مەرتىۋىلىك بولۇشتىن غەم قىلمايسىز، دەرۋەقە، ھوقۇق بولسىلا، پۇلدىن غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقتەك تۇرىدۇ. دېمەك، پۇلدار بىلەن مەرتىۋىلىك بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ ئىككىلىسىنى بىر كاتېگورىيەگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە.

نامراتلار پۇلدارلارغا ھەۋەس قىلىپ باي، مەرتىۋىلىك بولۇشنى ئويلايدۇ، بۇمۇ كىشىلەردە بولىدىغان چۈشىنىشلىك ھېسسىيات ھەم شۇنداقلا ئورۇنلۇق ھەۋەس. بۇ نۇقتىنى كۇڭ فۇزىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. ئەمما، كۇڭ فۇزى يەنە مۇنداق دەپ ئېيتقانىدى: گەرچە باي، مەرتىۋىلىك بولۇش كىشىلەرنىڭ ئورۇنلۇق، ھەققانىي ئارزۇسى بولسىمۇ، لېكىن ناتوغرا ئۇسۇل بىلەن ئېگە بولغان بايلىق ۋە مەرتىۋىدىن بەھرىمەن بولماسلىق كېرەك. نامراتلىقتىن ھەممىلا ئادەم ھەزەر ئەيلىسىمۇ، لېكىن ناتوغرا ۋاستىلەر بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. دانىشمەن ئەۋلىيالارنىڭ 2000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى بەرگەن تەلىمى ھازىرغىچە پۇقرالىرىمىزنىڭ ئەڭ ئەقەللىي بىلىم ساۋاتى بولۇپ كەلمەكتە. ئەمما، رېئال تۇرمۇشىمىزدا ناتوغرا ۋاستىلەر بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، باي بولغانلارنى ھەممىلا يەردە ئۇچرىتىمىز، ناتوغرا ئۇسۇل - ۋاستىلەر بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولغان، لېكىن قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلمىغانلارنىمۇ ھەممىلا يەردە ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. گەرچە ناتوغرا ئۇسۇل - ۋاستىلەر بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولغان ئاشۇ كىشىلەرنى تىللاپ تۇرساقمۇ، ناۋادا شۇنداق پۇرسەت كېلىپ قالسا، يەنىلا ئاشۇنداق قىلىدىغان كىشىلەرنىمۇ قەدەمدە بىر ئۇچرىتىمىز. مانا بۇلار قەدىمكى كىشىلەرنىڭ روھىيىتىگە خىلاپ بولغان، ھازىرقى زامان كىشىلەرنىڭ چۈشكۈن روھىي كەيپىياتىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

قەدىمكى پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب كىشىلەر پۇل - بايلىققا ھەۋەس قىلمايتتى، ئەمەل - مەرتىۋىگە ھېرىسمەن ئەمەس ئىدى. كۇڭ فۇزىنىڭ تۇنجى شاگىرتى خۇيىيەن: «بىر چوكا تاماق، بىر ئاپقۇر سۇ بىلەن ئەسكى بىر ھۇجرام بولسىلا ھېچنېمىدىن غەم قىلمايتتىم، ھەر ۋاقىت، ھەر زامان بۇ مېنىڭ خۇشاللىقىم ئىدى» دېگەنىدى. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋردە ئۆتكەن فازىل كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان گۇەنىنىڭ يەر چاغلاۋېتىپ ئالتۇن ئۇچراپ قالسىمۇ، ئۆز ئىشىنى قىلىۋەرگەن. يەنە بىر يەر چاغلىغۇچى خۇا شىن دېگەن كىشى ئالتۇن ئۇچراپ قالغان بولسىمۇ، ئۆز جايىغا تاشلاپ قويغان، يۈز - ئابرۇي، قەدىر - قىممىتىنى ساقلاپ، ھېچقاچان ئۆز نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمىگەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاسان ئەمەس. جۇاڭ زى دەريا بويىدا قارماق سېلىپ ئولتۇرغاندا، چۇ بەگلىكى ئۇنى ئەمەلدارلىققا تەكلىپ قىلىپ ئىككى ئەلچىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ بۇ ئىككى ئەلچىگە مۇنداق دەپتۇ: چۇ بەگلىكىدە ئىلاھىي تاشپاقا بار ئىدى، چۇ بېگى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، تاشپاقا قېپىنى كىمخاپ تاۋار بىلەن ئوراپ، بۇت ئىبادەتخانىسىغا سەدىقە - نەزىر سۈپىتىدە تەقدىم قىلدى. ئېيتىپ بېقىڭلار، ئىلاھىي تاشپاقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇت ئىبادەتخانىسىغا تەقدىم قىلىنىشنى ياخشىمۇ ياكى لاي - پاتقاقلىق كۆل ئىچىدە قۇيرۇقىنى پۇلاڭشىتىپ ھايات ياشىغىنى ياخشىمۇ؟ بۇ ئەلچى ئەمەلدارلار ئېيتتىكى، ئەلۋەتتە، لاي - پاتقاقلىق كۆل ئىچىدە قۇيرۇقىنى پۇلاڭشىتىپ ھايات ياشىغىنى ياخشى. جۇاڭ زىنىڭ بۇ تەمسىلى بىزگە، كەينىگە يول قويۇپ ئۆتۈش، بالا - قازانىڭ ئالدىنى ئالىدۇ دېگەن مەنىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

گەرچە، قەدىمكى كىشىلەر بىزگە ئىنسابلىق، دىيانەتلىك بولۇپ، غەم - غۇسسىدىن خالاس بولۇش، تەردەقەتكە ئەمەل قىلىپ، ئۆز رىزقىغا شۈكۈر - قانائەت قىلىشنىڭ ئەخلاق ئۆلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن بولسىمۇ،

لېكىن بۇنىڭ ئۈنۈمى بەك ئاز بولۇۋاتىدۇ. خۇددى پاشا قانغا خۇمار بولغاندەك، چىۋىن سېسىقچىلىقنى پۇراپ يۈرگەندەك، كىشىلەر نام - شۆھرەت، پايدا - مەنپەئەت قوغلىشىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە بىرمۇنچە پاجىئەلىك قىسمەتلەر كېلىپ چىقىپ، مۇقەررەر هالدا يەنە سانسىزلىغان كومېدىيەلىك ئويۇنلارمۇ ئوينالدى.

ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي شەكىلدىكى ئىنكاسى بولغاچقا، ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىق قىلىش ۋە تەسۋىرلەشتىكى مۇهىم خام ماتېرىيالى قىلىدۇ. ئەدىبلەرنىڭ كۆپچىلىكى مال - دۇنياغا ئامراق، نام - ئابرۇي قوغلىشىدۇ، بىراق، ئەدەبىيات باي - پۇلدارلارنى تەنقىدلەپ، نامراتلارنى مەدھىيەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئەدەبىياتتا تەنقىدلىنىدىغان باي - پۇلدارلار نائىنساپ بايلار ياكى ناتوغرا ۋاسىتىلەر بىلەن بېيىغان بايلار. ئەدەبىياتتا مەدھىيەلەنگەن نامراتلار گەرچە نامرات بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى يوقاتمىغان نامراتلاردۇر. بىز ئازراقلا ئەسكە ئېلىپ باقىدىغان بولساق، شۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، يازغۇچىلار نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە تېپىك شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى ياراتقان چاغدا، هايات - ماتلىق بىلەن مۇهەببەت - نەپرەت سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈشتىن باشقا، يەنە دائىم قوللىنىدىغان ۋاسىتىسى بولغان باي بولۇش ۋە مەرتىۋىلىك بولۇشتەك سىناق تېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ، تېپىك شەخسلەر ئۈستىدىن تەكشۈرۈش سىنىقى ئېلىپ بارغاندا، بايلىق ۋە مەرتىۋىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ئۆتەلىگەنلەر هەقىقىي ئالىيجانابلار، بايلىق ۋە مەرتىۋىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ئۆتەلمىگەنلەر پەسكەش، غالچا، خائىن ياكى قولچوماقچى بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ ئەسەرنىڭ باش پېرسوناژى پۇلنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئۆچ - ئىنتىقامىنى ئېلىپ، رەقىبى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۆز مۇرادىغا يېتەلەيدۇ. يەنە بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈل باش پېرسوناژلىرىنى بايلىق ۋە مەرتىۋە ئىگىسى قىلىپ بىر يەرگە جەملەشتۈرۈش بىلەن ۋەقەلىكنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، مانا بۇ بايلىق ۋە مەرتىۋىنىڭ قىممىتىنى ئىجابىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك هېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسى، نەپسى - ئىشتىياقلىرى تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان تېگى يوق ئۆڭكۈر، نامراتنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇ - ئىشتىياقى بولىدۇ، بايلارنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا نەپسى - ئىشتىياقى بولىدۇ. بېلىقچىنىڭ ئايالىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئارزۇسى بىر دانە يېڭى تەڭنە ئېلىش ئىدى، بىراق ئۇ يېڭى تەڭنىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، دەرهال ياغاچ كەپە ئۆيگە ئىگە بولۇشنى ئويلايدۇ، ياغاچ كەپە ئۆيگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئېسىلزادە خانىم بولۇشنى ئويلايدۇ، ئېسىلزادە خانىم بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئايال پادىشاھ بولۇشنى ئويلايدۇ، ئايال پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە دېڭىزنىڭ هاكىم بېگى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ - نەپسىنى قاندۇرغان ئالتۇن بېلىقنى ئۆزىگە مالاي بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ چەكتىن هالقىپ كەتكەنلىك، خۇددى سوپۇن مازغىپىنى هەددىدىن ئارتۇق پۈۋلەۋەرسە يېرىلىپ كەتكەندەك ئىش. ئومۇمەن، هەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ، چەكتىن ئېشىپ كەتكەن هامان، ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرىدىغان گەپ، بۇ ئەڭ ئاددىي كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى، شۇنداقلا تەبىئەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇنلىغان شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى.

ئەل ئارىسىدا نەسىهەت - ئىبرەت قىلىش مەنىسىدە تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن هېكايىلەر بولۇپ، بۇلار كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئارزۇ - هەۋەسلىرىگە هاي بېرىشكە ئۈندەيدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، هىندىستاندا كىشىلەر مايمۇن تۇتۇشتا بىر دانە ياغاچ قەپەس ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يەيدىغان يېمەكلىكلەرنى سېلىپ قويىدىكەن. مايمۇن قولىنى ئىچىگە تىقىپ، يېمەكلىكنى تۇتىدىكەن - يۇ، لېكىن قولىنى چىقىرالمايدىكەن، مايمۇن قولىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن چوقۇم يېمەكلىكتىن قولىنى بوشىتىشى كېرەك ئىكەن، لېكىن مايمۇن تۇتۇۋالغان يېمەكلىكنى قويۇۋېتىشكە هەرگىز ئۇنىمايدىكەن. مايمۇندا ئالدىدا تۇرغان تەييار ئولجىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭدىن «قول ئۈزۈدىغان» ئەقىل - پاراسەت يوقكەن. ئادەملەردە بۇنداق «قول ئۈزۈدىغان» ئەقىل - پاراسەت بارمۇ؟ بەزىلەردە بار، بەزىلەردە يوق. بەزىلەردە بەزى ۋاقىتتا بار، بەزىلەردە بەزى ۋاقىتتا يوق. بەزىلەر پۇل - بېساتنىڭ ئازدۇرۇشىغا تاقابىل تۇرالايدۇ، لېكىن گۈزەل سەتەڭلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرالىشى ناتايىن. بەزىلەر پۇل ۋە سەتەڭلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرالىغىنى بىلەن هوقۇق مەسلىكىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا تاقابىل

تۇرالىشى ناتايىن. كىشىلەردە ھامان «قول ئۇزەلمەيدىـ
غان» بىر قىسىم نەرسىلەر، مانا بۇ ئادەمنىڭ ئاجىزلىق
يېرى. شۇنداقلا ئىنساننىڭ مول مەزمۇنلۇق خاراكتېرىـ
نىڭ ئىپادىلىنىشى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ پەلسەپىسىدە ئەمەلىيەتتە مۇنداق
ئەقلىي ـ ئىدراك ۋە پاراسەت ئەزەلدىن كەم ئەمەس،
ئەمما كىشىلەر ھامان «ئۆلگەندىمۇ توۋا قىلماس، يېتىپ
ئاشقۇدەك مال ـ دۇنياسى تۇرۇپ، پۇشايماننى ئالدىـ
غان قاچا يوق، ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ» دېـ
گەندەك ئۆز نەپسىنى يىغىشتۇرالمايدۇ، دېمەك، نەپسانىـ
يەتچىلىك ئادەمنىڭ ماھىيىتى ياكى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ قاـ
راڭغۇ تەرىپى دېيىشكە بولىدۇ. ئەخلاق جەھەتتىكى نەـ
سىھەت ـ تەنبىھلەر ۋە ئەدەبىياتتىكى دىداكتىك ۋەز ـ نەـ
سىھەتلەرگە تايىنىپ كىشىلەرنى بۇ ئىشتىن ئازراق سەگىتـ
كىلى بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىلەرنى تۈپتىن ئۆزگەرتكىـ
لى بولمايدۇ.

شۇڭا، بۇددا دىنىدا «ھەممە ئىشتا بىھۇدە باتىل غەـ
رەزدىن يىراق بولساڭ، كەلمەس ساڭا ھەممە ئىشتا
مۇشتاقلىق» دېگەن كەلىمە ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ نەپساـ
نىيەتچىلىكتىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەيدۇ. چۈنكى، نەپسانىـ
يەتچىلىك ھەممە قەبىھلىك، گۇناھلىقنىڭ مەنبەسى، شۇنـ
داقلا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرـ
نىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىـ
كىنى تىزگىنلەشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە يەنىلا قانۇنـ
دۇر، قانۇن خۇددى بىر تۆمۈر قەپەس بولسا، نەپسانىـ
يەتچىلىك ئۇ بىر يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشايدۇ. ئىنسانىـ
يەت جەمئىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئېلىپ
بارغان ئىشى دېگىنىمىزمۇ ئەمەلىيەتتە قانۇن، دىن،
ئەخلاق ۋە ئەدەبىياتنىڭ نەپسانىيەتچىلىك بىلەن ئېلىـ
شىش تارىخىدۇر. گەرچە بەزى چاغلاردا يىرتقۇچ
ھايۋان قەپەستىن چىقىپ كېتىپ ئادەملەرگە زىيان ـ
زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما
ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا نىسپىي مۇقىملىق ھالىتىدە تۇـ
رىدۇ. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناـ
سىۋەت نەپسانىيەتچىلىكتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندىلا،
ئاندىن داۋاملىشىدۇ. دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىـ
كى تىنچلىق مۇناسىۋەتمۇ پەقەت نەپسانىيەتچىلىكتىن ئۆـ
زىنى تۇتۇۋالغاندىلا، ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر ئاـ
دەمنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى كونترول قىلىنىشنى يوقاتسا، ئېھتىـ
مال قاتىللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن، بىرەر دۆلەت
ئۆز نەپسىنىڭ كونترول قىلىنىشنى يوقاتسا، ئۇرۇشنى كەلتۈـ
رۈپ چىقىشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېـ
لىشقا بولىدۇكى، دۆلەتنىڭ نەپسانىيەتچىلىكتىن ئۆزىنى
تۇتۇۋېلىشى يەنىلا بەكمۇ مۇھىم.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئاشۇ
ھارامدىن بېيىغانلارغا، پۇرسەتپەرەسلەرگە، بۇلاڭ ـ
تالاڭ قىلغۇچىلارغا، ئالدامچىلارغا، بۇزۇق ـ ھارامزادىـ
لەرگە، پارىخور ئەمەلدارلارغا، چىرىك مەنسەبدارلارغا
شۇنى جاكالايمىزكى، سىلەر ئوخشاش بىر كېمىگە چىقىـ
ۋالدىڭلار، ناۋادا كېمە ئۆرۈلۈپ چۆكۈپ كەتسە، مەيلى
سىلەرنىڭ كىيىۋالغان كىيىمىڭلار داڭلىق ماركىلىق
بولسۇن، تاقىۋالغىنىڭلا ئۈنچە ـ مەرۋايىت بولسۇن، ئاـ
خىرقى ھېسابتا ئۈستىبېشىڭلار جۇل ـ جۇل بولۇپ، بىر
تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان بولۇپ قالىسىلەر، ھەممىڭلارنىڭ
ئاقىۋىتى ئوخشاش بولىدۇ.

ئىنسانلار جەمئىيەتتە پۇل، نام ـ مەنپەئەت ۋە ھوـ
قۇقنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن باشقا، يەنە بىر كىشىلەرنى ئېـ
زىقتۇرالايدىغان ئەڭ يامان، ئەجەللىك بىر ئېزىقتۇرۇش
بار، ئۇ بولسىمۇ چىرايلىق ساتەڭلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشى.
بۇ ئىش ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك تۇرسىمۇ،
لېكىن ئەمەلىيەتتە مۇناسىۋەتلىك. تارىختا بۇرۇن بىر
گۈزەل نازىنىننى تالىشىپ كۆپ ئۇرۇشلار بولغان ھەم
شۇنداقلا بىر گۈزەل نازىنىن سەۋەبىدىن بەزى ھۆكۈمـ
دارلار ئۆزىنىڭ دۆلەت تەخت ـ سەلتەنىتىدىن ئايرىلىپ
قالغان ئىشلار بولغان. جىسمانىي ھەۋەسنى مۇتلەق
ئىنكار قىلىشمۇ ئانچە توغرا ئەمەس، چۈنكى، بۇ خىل
ھەۋەس بولمىسا ئىنسانلار جەمئىيىتىمۇ راۋاج تاپالمايدۇ.
جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ ھۆـ
كۈمرانلىرى كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ھەۋىسىگە قارىتا ئاـ
ساسىي جەھەتتىن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتقان،
لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ دېگىنى بىلەن قىلغىنى
ئوخشاش ئەمەس. گەرچە خان ئوردىسى ھەرەمخانىسىدا
توقال ـ كېنىزەكلىرى بىر تالاي تۇرسىمۇ، ئەل ـ پۇقرا
ئىچىدە بۇ خىل ھەۋەسنى چەكلەشنى ئىلاھىي قانۇن
قىلىپ، ئەر ـ ئاياللىق مۇھەببەتنى ئەڭ يامان بالايى ـ
ئاپەت دەپ قارايدۇ. بۇنداق چۈشەنچە فېئودال خاندانـ
لىقلارنىڭ قانۇن ۋە ئەخلاق قاراشلىرىدا گەۋدىلىك ئىپاـ
دىلىنىدۇ. ئىنسانلاردىكى ئاچكۆزلۈك بىلەن مال ـ دۇنياـ

غا ۋە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا قارىتا، ئەدەبىيات
ۋە قانۇن، ئەخلاق قاراشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن بىر-
دەكلىككە ئىگە. ئەمما، جىسمانىي ھەۋەسكە قارىتا، بو-
لۇپمۇ مۇھەببەت مۇقامىغا يەتكەن جىسمانىي ھەۋەسكە
قارىتا، ئەدەبىي ئەسەرلەر باشقىچە مۇقامدا توۋلايدۇ،
بەزىدە ھەتتا دۇمباقچىلىق رولىنى ئوينايدۇ. جۇڭگودا
«مۇدەن راۋىقى»، «شىشاڭ ھۇجرىسىدىكى ئىشرەت
خاتىرىلىرى»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، چەت ئەللەر-
دە يەنە «كېلىفورد خانىمنىڭ ئاشنىسى» دېگەندەك ئە-
دەبىي ئىجادىيەتلەر بار. بۇمۇ ئەدەبىياتتىكى مەڭگۈلۈك
بىر تېما، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىگە
ھەۋەس بولمىسا، ھېسسىيات ۋە مۇھەببەت بولمايدۇ،
ئەدەبىياتمىزمۇ مەۋجۇتلۇقىنى يوقۇتۇپ قويىدىغاندەك
تۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، نامراتلار، بايلار بىلەن ئارزۇ ـ
ھەۋەس يەنىلا ھازىرقى دۇنيادىكى ئاساسىي زىددىيەت،
شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى ۋە خۇشال ـ
خۇراملىقىنىڭ مەنبەسى. جۇڭگو خەلقىنىڭ يېقىنقى يىللار-
دىن بۇيان ماددىي تۇرمۇشىدا زور ياخشىلىنىشلار
بولدى، شەخسلەرنىڭ ئەركىنلىك دەرىجىسمۇ بۇرۇنقىغا
قارىغاندا خېلى ئازادىچىلىككە ئىگە بولدى. ئەمما، كىشى-
لەرنىڭ بەخت تۇيغۇسىدا ئانچە چوڭ يۈكسىلىش بولمى-
دى. چۈنكى، بايلىقنىڭ تەقسىم قىلىنىشى دېگەندەك
ئادىل بولمىدى، ئاز سانلىق كىشلەرنىڭ ناتوغرا ۋاستى-
لەر بىلەن بېيىپ، باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنى چوڭايتىۋې-
تىشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئا-
ساسىي سەۋەب. قانۇنسىز بېيىغان ئاشۇ پۇرسەتپەرەس
بايلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشى،
پايدا ـ مەنپەئەت ئالدىدا يىرتقۇچلارچە خىرىس قىلىشى
تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرالارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغى-
دى، بۇنىڭ بىلەن بايلارغا بىر خىل كۆچلۈك ئۆچمەنى-
لىك پوزىتسىيەدە بولىدىغان پسىخىكا شەكىللەندى. بايلار
بىلەن ھوقۇقدارلارنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈشى جەمئى-
يەتتە تۈرلۈك يامان سىياسەتلەر ۋە ئۇۋالچىلىق ئەنزىلى-
رى پەيدا بولدى. مانا بۇلار بايلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش
پسىخىكىسىدىن باشقا يەنە ئەمەلدارلارغىمۇ ئۆچمەنلىك
قىلىش پسىخىكىسىنى شەكىللەندۇردى. بايلارغا، ئەمەل-
دارلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش پسىخىكىسى ئىنتېرنېت تورى-
دىن ئىبارەت ھازىرقى زامان تارقىتىش ۋاستىسىدىن پاي-
دىلىنىپ، كەينى ـ كەينىدىن غايەت زور جامائەت پىكىر
ئېقىمىنىڭ دولقۇنىنى قوزغىدى. بەزى شەخسلەر ۋە جەم-
ئىيەت قاتلىمىدىكىلەر ئىنتېرنېت تورىنىڭ گېپى چىقسىلا،
كەيپى ئۇچۇپ، نەپسىنى ئاز ـ تولا يىغىشتۇرغان بولسى-
مۇ، لېكىن تورنىڭ ئۆزىمۇ ئىپلاس، نىجىسلار پاناھلىنى-
دىغان ماكانغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگى-
رى، جۇڭگونىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى پەن ـ تېخنىكا ئارقى-
لىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان، 30
نەچچە يىل ئىلگىرى جۇڭگونىڭ سىياسىيونلىرى پەن ـ
تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش شوئارىنى ئوت-
تۇرىغا قويدى. بىراق، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە،
مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ
چوڭ خەتەر كۈنسېرى ئىلغارلىشىۋاتقان پەن ـ تېخنىكا
بىلەن ئىنسانلارنىڭ كۈنسېرى يوغىنىۋاتقان نەپسانىيەتچى-
لىكىدۇر. ئىنسانلار ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش تۈرتكىسى-
دە، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى كىشىلەرنىڭ سالا-
مەتلىك ئېھتىياجىغا خىزمەت قىلىدىغان نورمال يولدىن
چەتنىتىۋەتتى. يەنە كېلىپ پايدا ـ مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى-
دە، ئىنسانلارنىڭ، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئاز سانلىق باي ـ
مەرتىۋىلىكلەرنىڭ پىسخوپاتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش
ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئەسەبىيلەرچە تەرەققىيات بولۇپ
قالدى. ئىنسانلار يەر شارىدىن بولۇشقا بايلىق ئۈندۈ-
رۈۋېلىش كويىدا بولماقتا، بىز يەر شارىنى قېزىپ ئۆتمە ـ
تۆشۈك قىلىۋەتتۇق، دەريا، دېڭىز ۋە ئاتموسفېرانى بۇل-
غىدۇق، ئۇلار بىرلىكتە قىستىلىپ، پولات چۆيۈن ۋە
سېمونت بىلەن ئاجايىپ غەلىتە بىنالارنى ياسىدى،
بۇنداق سورۇنلارغا چىرايلىق ناملارنى قويۇپ، ئىشرەت-
ۋازلىق ماكانىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بىز مۇشۇنداق
مۇھىت ئىچىدە ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى تەپ-
تارتماستىن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ئەبەدىي يوقاتقىلى
بولمايدىغان ئەخلەتلەرنى قالدۇرىمىز. يېزا ـ سەھرا ئا-
دەملىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شەھەرلىكلەر گۇناھلىق
ھېسابلىنىدۇ، نامرات كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا
بايلار گۇناھلىق ھېسابلىنىدۇ، ئاددىي پۇقرالار بىلەن
سېلىشتۇرغاندا ئەمەلدارلار گۇناھلىق ھېسابلىنىدۇ، مەلۇم
مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەمەلى قانچە يۇقىرى بولسا
گۇناھى شۇنچە چوڭ بولىدۇ، چۈنكى، ئەمەل قانچە
چوڭ بولغانسېرى، سورۇن شۇنچە چوڭ بولىدۇ،
سورۇن چوڭ بولغانسېرى، ئارزۇ ـ ھەۋەسمۇ شۇنچە
تولىلاپ، ئۇنىڭغا سەرپ قىلىنىدىغان بايلىق سەرپىياتىمۇ

شۇنچە كۆپ بولىدۇ. تەرەققىي تاپمىغان ئەللەر بىلەن
سېلىشتۇرغاندا، تەرەققىي تاپقان ئەللەر گۇناھلىق ھېسابـ
لىنىدۇ، چۈنكى، تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئارزۇ ـ ھەـ
ۋىسى بەك چوڭ، تەرەققىي تاپقان ئەللەر ئۆز دۆلىتىنىڭ
تەۋەلىكىدە جېدەل چىقىرىپ قالماستىن، باشقا دۆلەتلەرـ
نىڭ ئىچىدىمۇ جېدەل چىقىرىۋاتىدۇ، ئوچۇق دېڭىزدىن
تارتىپ، شىمالىي قۇتۇپ ۋە جەنۇبىي قۇتۇبقىچە، ئاي
شارىدىن تارتىپ ئالەم بوشلۇقىغىچە قالايمىقان ئىش تېـ
رىۋاتىدۇ. يەر شارىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئىس ـ تۈتەك
قاپلاش، زېمىن يۈزى تەۋرەپ ـ تىترەش، دېڭىز شاۋـ
قۇنى كۆتۈرۈلۈش، ئاسماندىن چاڭ ـ توزان يېغىش،
قۇرغاقچىلىق ۋە ھۆلچىلىكنىڭ بىمەھەل يۈز بېرىشى
قاتارلىقلار.

مۇشۇنداق بىر دەۋردە، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز،
راستىنى ئېيتقاندا ناھايىتى زور مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىـ
گە ئالماقتا، ئۇ بولسىمۇ يەر شارىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئىنـ
سانىيەتنى قۇتۇلدۇرۇش مەسئۇلىيىتى. بىز ئۆزىمىزنىڭ
ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە، بولۇپمۇ نامۇـ
ۋاپىق ۋاستىلەر بىلەن بايلىق ۋە ھوقۇققا ئېرىشۋالغان
ئاشۇ باي ـ مەرتىۋىلىكلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويىمىزكى،
سىلەر گۇناھكار، ئىلاھمۇ سىلەرنى ھەرگىز قوغداپ قاـ
لالمايدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق
ئاشۇ ساختا سىياسىيونلارغا شۇنى ئېيتىپ قويىمىزكى،
سىلەر ئېيتقان ئاتالمىش دۆلەت مەنپەئىتى ھەرگىزمۇ
ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەنپەئەت ئەمەس، ھەمـ
مىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق مۇدـ
دەتلىك مەنپەئىتى. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى
ئارقىلىق مىڭلاپ كۆينىكى بار، تۈمەنلەپ توپلىي ئاياغـ
لىرى بار ئاشۇ بىر قىسىم ئاياللارغا شۇنى ئېيتىپ قويىـ
مىزكى، سىلەرمۇ گۇناھكار؛ بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەـ
سەرلىرى ئارقىلىق ئۇن نەچچىلىغان ئالىي پىكاپلىرى بار
ئاشۇ بىر قىسىم ئەرلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويىمىزكى، سىـ
لەرمۇ گۇناھكار؛ بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى
ئارقىلىق خۇسۇسىي ئايروپىلان ۋە ساياھەت كېمىسى
سېتىۋالغان ئاشۇ كىشىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويىمىزكى،
سىلەرمۇ گۇناھكار، بۇ دۇنيادا گەرچە پۇللا بولسا خىياـ
لىغا كەلگەن ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولسىمۇ، لېكىن
سىلەرنىڭ قانۇنىي ۋاستىگە تايىنىپ تاپقان پۇلۇڭلار
بولغان تەقدىردىمۇ، بەتخەجلىك قىلىپ خىيالىڭلارغا كەلـ
گەننى قىلىپ يۈرگىنىڭلار، يەنىلا ئىنسانلارغا قىلىنغان
بىر جىنايەت، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارـ
قىلىق ئاشۇ ھارامدىن بېيىغانلارغا، پۇرسەتپەرسلەرگە،
بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغۇچىلارغا، ئالدامچىلارغا، بۇزۇق ـ
ھارامزادىلەرگە، پارىخور ئەمەلدارلارغا، چىرىك مەنسەپـ
دارلارغا شۇنى جاكارلايمىزكى، سىلەر ئوخشاش بىر كېـ
مىگە چىقىۋالدىڭلار، ناۋادا كېمە ئۆرۈلۈپ چۆكۈپ
كەتسە، مەيلى سىلەرنىڭ كىيىۋالغان كىيىمىڭلار داڭلىق
ماركىلىق بولسۇن، تاقىۋالغىنىڭلا ئۈنچە ـ مەرۋايىت
بولسۇن، ئاخىرقى ھېساپتا ئۈستىبېشىڭلار جۇل ـ جۇل
بولۇپ، بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان بولۇپ قالىسىلەر،
ھەممىڭلارنىڭ ئاقىۋىتى ئوخشاش بولىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىـ
شىلەرگە تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇنلىغان قائىدىلىرىنى چۈشەنـ
دۈرۈشىمىز كېرەك. ئالايلۇق، ئۆي سالغان ئىكەنسىز
ئولتۇرۇشىڭىز كېرەك، ئۇ قولدىن قولغا ئېلىپ ـ سېتىپ
يۈرىدىغان نەرسە ئەمەس. بىز كىشىلەرنىڭ سەمىگە يەنە
شۇنى سالىمىزكى، ئىنسانلار ھاۋا تەڭشىگۈچنى كەشىپ
قىلىشتىن بۇرۇنمۇ، ئىسسىقتىن ئۆلگەنلەر ھازىرقىدىن
كۆپ ئەمەس ئىدى. ئىنسانلار لامپۇچكىنى كەشىپ قىـ
لىشتىن بۇرۇنمۇ، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان كۆزى ئاجىزـ
لار ھازىرقىدىن كۆپ ئەمەس ئىدى. ئائىلىلەردە تېلېۋىدـ
زور بولۇشتىن ئىلگىرى، كىشىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى پاـ
ئالىيىتى ئوخشاشلا ناھايىتى مول ـ مەزمۇنلۇق ئىدى.
تور دۇنياسىغا كىرگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا
بۇرۇندىن ساقلىنىۋاتقان پايدىلىق ئۇچۇر ـ خاتىرىلەرنىڭ
كۆپى قالمىدى، تور پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، ئەخمەق ـ
تەنتەك ئادەملەر ھازىرقىدىن ئاز بولسا كېرەك. بىز ئۆـ
زىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە
شۇنى بىلدۈرىمىزكى، قاتناشنىڭ تېز ـ قولايلىق بولۇشى
كىشىلەرنىڭ سەيلە ـ ساياھەت خۇشاللىقىدىن مەھرۇم
قىلدى، خەۋەر ـ ئالاقە ئىشىنىڭ تېز ـ ئەپچىل بولۇشى
كىشىلەرنىڭ خەت ـ ئالاقىدىن بولىدىغان بەخت تۇيغۇسىـ
دىن مەھرۇم قىلدى. يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ھەددىدىن
ئارتۇق بولۇشى كىشىلەرنىڭ غىزا ـ تائام ئىستېمالىنىڭ
ھۇزۇرىدىن مەھرۇم قىلدى. جىنسىي ھەرىكەتنىڭ ئاسان
بولۇشى، كىشىلەرنى مۇھەببەتلىشىش ئىقتىدارىدىن
مەھرۇم قىلدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى
ئارقىلىق كىشىلەرگە شۇنى بىلدۈرىمىزكى، مۇنداق تېز

سۈرئەتتىكى تەرەققىياتنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ھايۋاناتلارنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى مۇنداق تېزلىكتە كۆپەيتىش، سەمرىتىش ۋە ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى، ھايۋاناتلارنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى مۇنداق تېزلىكتە سەمرىتكەندە ۋە ئۆستۈرگەندە، تەمسىز، ئوزۇقلۇق قىممىتى يوق بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭدا يەنە ھورمون ۋە باشقا زەھەرلىك نەرسىلەر تەركىبى بولىدۇ.

بىز ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە شۇنى بىلدۈرىمىزكى، دەسمايە، نەپسانىيەتچىلىك ۋە ھوقۇقنىڭ سېھرىي كۈچى ئاستىدا، پەننىڭ پسىخوپاتىك ھالدا تەرەققىي قىلىشى، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ نۇرغۇنلىغان خۇش-ھەۋەس، جەزبىلىك ئىنتىلىشلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ قويىدى ۋە جىددىي خەۋپكە چۈشۈپ قالدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىمىزكى، بايىقاپراق ئىش قىلايلى، ئالدىراپ كەتمەيلى، ئەقىل پاراستىمىزنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىشلىتىپ، قالغان 50 پىرسەنتىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا قالدۇرايلى. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىمىزكى، ئىنسانىيەت ھاياتلىقىنى تەمىن ئېتىۋاتقان نەرسىلەر پەقەتلا ھاۋا، قۇياش، يېمەكلىك ۋە سۇ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەشەم ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغان ھەشەمەتۋازلار بۇيۇمى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ئاتا قىلغان ياخشى كۈنلىرى كۆپ قالمىدى. كىشىلەر قۇم باياۋانلىق چۆلدە قالغان چاغدا، سۇ ۋە يېمەكلىكنىڭ ئالتۇن ياكى بېرىليانتتىنمۇ قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ، يەر تەۋرەش ۋە دېڭىز شاۋقۇنى كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ھەشەمەتلىك داچا ۋە سارايلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ زور قۇدرىتى ئالدىدا خارابىلىككە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئاندىن بىلىشىدۇ. ناۋادا ئىنسانلار يەر شارى بىلەن تولا ئېيتىشىۋېرىپ، ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى بولماي قالغان چاغدا، دۆلەت، مىللەت، سىياسىي پارتىيە، پاي چېكى قاتارلىقلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئىنسانلار ئاچكۆزلۈكىنى بولۇپمۇ دۆلەت ئاچكۆزلۈكىنى يىغىشتۇرۇۋېلىشىغا تۈرتكە بولارمۇ؟ بىزنىڭ يەكۈنىمىز — ئۈمىد چوڭ ئەمەس. مەيلى چوڭ ئۈمىد كۈتمىسەكمۇ، لېكىن بىز ئۆز تىرىشچانلىقىمىزدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز، چۈنكى، بۇ باشقىلارنى قۇتقۇزۇش بىلەن بىللە ئۆزىمىزنىمۇ قۇتقۇزغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

«چىڭباۋۋاڭ — ئوقۇرمەنلەر قانىلى» (情报网−阅读频道)
دىن **ئەخمەت يەھيا** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

## ۋىجدان تەڭرىنىڭ كۆزىدۇر

بۇررىت ئەنگلىيە لوندون دوختۇرخانىسىنىڭ ئۆسمە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش مۇتەخەسسىسى، دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللانغان 30 يىل جەريانىدا، قانچىلىغان بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ساناپ بولالمايدۇ.

بىر قېتىم 30 نەچچە ياشلىق مارىيە بۇررىتنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا، يېقىندىن بېرى قورسىقىدا بىر نەرسىنىڭ يوغىناۋاتقانلىقى، چۈنكى 20 نەچچە ياش ۋاقتىدا تاسادىپىي سەۋەبتىن تۇغۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقىنى، شۇڭا ئۆزىدە ئۆسمە بارلىقىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بۇررىت تەكشۈرگەندە، نەتىجىسى ئۆسمە ئىكەنلىكى ھەمدە تېز سۈرئەتتە يوغىناۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ، جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك بولىدۇ. ئوپېراتسىيە باشلانغاندىن كېيىن، ئۆسمىنى ئېلىۋېتىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، ئۆسمىنىڭ ئىچىدە ئاجىز يۈرەكنىڭ سوقۇۋاتقانلىقى بۇررىتنى ھەيران قالدۇردى. بۇررىتنىڭ چېكىسىدىن تەر چىقىشقا باشلايدۇ، بۇ ئۆسمە بولماستىن، بەلكى بىر ھاياتلىق بولۇپ، پەقەت ھامىلىنىڭ ئورنىلا نورمالسىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مارىي بەك سېمىز بولغاچقا، ئۆسمە دەپ قارالغانىدى. بۇررىت نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ، ئەگەر، بۇ ھاياتلىقنى ئېلىپ تاشلىۋەتسە، ھېچكىم بىلمەي قالاتتى، لېكىن ئۆزى بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتاتتى؛ ئەگەر بۇ بالىنى ساقلاپ قالسا، مۇشۇ سەۋەبتىن نام-ئابرۇيى تۆكۈلەتتى، ھەتتا سوتقا تارتىلاتتى... بۇررىت بىر مىنۇت جىددىي ئويلانغاندىن كېيىن، بۇ بالىنى ساقلاپ قىلىش قارارىغا كېلىدۇ.

مارىينىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ. مارىي دەسلەپتە ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئىزچىل بالىلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ

كېلىۋاتقان بولسىمۇ، سالامەتلىكى سەۋەبىدىن ھامىلدار بولالمىغاندى. بىراق، بىر دەمدىن كېيىن مارىي بۇررىتنى پەسكەش دوختۇر، بالىدىن ئايرىۋەتكىلى تاسقاپسەن، دەپ تىللايدۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، مارىي ۋە ئۇنىڭ يولدىشى بۇررىت ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلىدۇ، تېزلا سوتنىڭ نەتىجىسى چىقىدۇ، بۇررىتنى مارىيغا تۆلەم تۆلەشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللىنالماسلىقى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇررىت بەك ئازابلىنىدۇ، نەرسە كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن، لوندون دوختۇرخانىسىدىن ئايرىلىدۇ.

بۇررىت گەرچە كىچىك بازارغا قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئەنگلىيەدىكى بەزى مەتبۇئاتلار كىچىك بازارغا كېلىپ، ئۇنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ ھاياتلىقنى ئۆسمە دەپ ئېلىۋەتسە، مارىينى خۇشال قىلىپلا قالماي، يۈز ئابرۇيىنى ساقلاپ قالالايدىغان، ئۆمۈر بويى دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلەنمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇشىدۇ.

بۇررىت زىيارەت قىلغىلى كەلگەن مۇخبىرلارغا، ئەينى چاغدا ئۇ بالىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىغانلىقىنى، بىراق، ئەگەر ئۇ بالىنى ئۆسمە دەپ ئېلىۋەتكەن بولسا، بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتىدىغانلىقىنى، ھازىرقى ئاقىۋەتنى ئاللىقاچان ئويلاپ بولغانلىقىنى، پۇشايمان قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بىر مۇخبىر ئۇنىڭغا: «بىراق، باشقىلار بىلمەيتتىدە؟ ئەگەر سىزلا دېمىسىڭىز باشقىلار مەڭگۈ بىلمەيتتى» دەيدۇ. ھەممە مۇخبىرلار بۇررىتنى نېمە دەركىن دەپ ئاغزىغا قاراپ تۇرغاندا، بۇررىت: «تەڭرىم كۆرۈپ تۇرىدۇ، ۋىجدان تەڭرىنىڭ كۆزىدۇر» دەيدۇ ـ دە، ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ.

مۇخبىرلار بۇررىتنى زىيارەت قىلغان ئورگىنالنى شۇ جايدىكى گېزىتخانىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن، كىشىلەر بۇررىتقا ھېسداشلىق قىلىدۇ، ھەمدە بىر كىچىككىنە ھاياتلىق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىدىن ۋاز كېچىشنى خالىشى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ، دېگەن قاراشقا كەلتۈرىدۇ.

گەرچە، بۇررىت بۇنىڭدىن كېيىن دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللىنالمايدىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ بارلىق دوختۇرلارغا ياخشى بىر ئۈلگە تىكلەپ بېرىدۇ. بۇررىتنىڭ «ۋىجدان تەڭرىنىڭ كۆزىدۇر» دېگەن سۆزى لوندون دوختۇرخانىسىدىكى ھەر بىر دوختۇرنىڭ دەستۇرىغا ئايلىنىدۇ.

گولوڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «ساغلاملىق يېتەكچىسى» 2012 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى سانىدىن «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2013 ـ يىل 2 ـ ئايلىق كېيىنكى سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان سانىدىن **ئەلىجان تۇرسۇن** تەرجىمىسى

تىلماچ: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن.

## ھۆججەت سومكىسى

ئۇ كادىرلار بۆلۈمىدىكى كىچىكرەك بىر خىزمەتچى ئىدى. يىل ئاخىرىدا بۆلۈم باشلىقى بىلەن ناھىيەگە بېرىپ تارماق شىركەتتىكى ئىككى رەھبەرنى باھالىماقچى بولدى. تارماق شىركەتتىكى ئون نەچچە بۆلۈمنىڭ مەسئۇللىرى بىر مەجلىسخانىدا ئۇلارنىڭ رەھبىرىگە باھا بېرىۋاتاتتى. ئۇ تولدۇرۇپ بولغان باھالاش قەغەزلىرىنى يىغىپ ئېسىل كۆرۈنىدىغان، قارا رەڭلىك بىرزىنت خەت ـ چەك سومكىسىغا سالدى.

تارماق شىركەتنىڭ رەھبەرلىرى تولىمۇ قىزغىن بولۇپ باھالاشتىن كېيىن، ئۇلارنى ھاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. ئازراق ھاراق ئىچىپ بولۇپ، شەھەرگە قايتىشتى. ئىدارە باشلىقىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن شوپۇر يەنە بىر قانچە دوستىنىڭ ئۆزىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى، سائەتمۇ تېخى ئون بولمىغاچقا ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ قايتىپ تۇرۇشنى ئېيتتى. ئۇ ئاممىۋى ئاپتوبۇستا قايتىشقا ماقۇل بولدى. شوپۇر ئۇنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ نەگىدۇر غايىپ بولدى.

ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. كېچە تېپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، راسا بىر يۇيۇنغاندىن كېيىن ناشتا قىلىپ ئىشقا چىقىشقا تەييارلاندى. ئىشىكنى تاقاۋاتقان دەل شۇ چاغدا ھېلىقى قارا رەڭلىك ھۆججەت سومكىسىنى ئالمىغانلىقى ئېسىگە كەلدى. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئۇ باھالاش نەتىجىسىنى جەملەپ ئوتتۇرىچە نەتىجىسىنى چىقىرىشى كېرەك ئىدى. سان ـ سىپىرلارنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە ئاساسەن مۇنەۋۋەر، لاياقەتلىك ۋە لاياقەتسىز دەپ

بېكىتىپ چىقاتتى.

ئۇ قايتىپ كىرىپ دىۋانغا، ئۈستەلگە، كارىۋىتىغا قارىدى. نەچچە قېتىم ئىزدىگەن بولسىمۇ ھېلىقى ھۆججەت سومكىسىنى ھېچيەردىن تاپالمىدى. ئۇ جىددىيلىشىپ قالدى. تونۇگۈن كەچتە ئۆيگە قايتىش يولىدىكى ئىدارىنىڭ ماشىنىسى، ھېلىقى ئىككى قېتىملىق ئاممىۋى ئاپتوبۇس قاتارلىقلارنى ئەسلىدى، ئەمما، ھېلىقى خىزمەت سومكىسىنى قەيەردە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى زادى ئېسىگە ئالالمىدى.

ئۇ ئىدارىنىڭ شوپۇرىغا تېلېفون قىلدى. شوپۇر ماشىنىدا يوقلۇقىنى ئېيتتى. «114»كە تېلېفون قىلىپ تونۇگۈن كەچتە ئولتۇرغان ماشىنىلارنى سۈرۈشتە قىلدى. ئۇلارمۇ تېخى ھازىرغىچە شوپۇرلار تاپشۇرغان ھېچقانداق سومكىنىڭ يوقلۇقىنى، تاپشۇرۇپلا قالسا چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىدىغىنىنى ئېيتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇ ئىشقا چىقتى. ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ تېلېفونىمۇ كەلمىدى. ئاخىر ئۇ ئۆزى تېلېفون قىلىپ سورىۋىدى، ئۇلار تېخى ھېچكىمنىڭ تاپشۇرمىغانلىقىنى، ئەگەر يولۇچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن بولسا ئۇلارنىڭمۇ ئامالى يوقلۇقىنى ئېيتىشتى.

ئۇنىڭ يۈرىكى چىمىلدە قىلىپ قالدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، قايسىدۇر بىر يولۇچىنىڭ ئېلىپ كېتىش ئېھتىماللىقىمۇ چوڭ. سومكىدا باھالاش قەغىزىدىن باشقا يەنە ئىككى بولاق «جۇڭخۇا» ماركىلىق تاماكىمۇ بار تۇرسا، تېپىۋالغان ئادەم بەلكىم ئاشۇ ئىككى بولاق تاماكىنى دەپ سومكىنى تاپشۇرماسلىقى، ھېلىقى باھالاش قەغەزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويماسلىقى مۇمكىن. باھالاش قەغەزلىرى بولمىسا سىناپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى چىقارغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۆلۈم باشلىقى چۈشتىن بۇرۇن ئۇ نەتىجىنى جىددىي ئىشلىتىدىغان تۇرسا، قانداق قىلىش كېرەك؟! باھالاش قەغەزلىرىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بۆلۈم باشلىقىغا قانداقمۇ ئوچۇق ئېيتقىلى بولسۇن. بۆلۈم باشلىقىنىڭ كايىشىنى دېمەيلا تۇرايلى، تارقىلىپ كەتسە بىر تالاي مەسخىرىگە قالىدىغان گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تارماق شىركەتكە يەنە بىر قېتىم بېرىپ باھالاش ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ - دە.

پەقەت ساختىسىنى ياساش كېرەك، شۇندىلا ئىش ئوڭۇشلۇق. ئۇ ئىشكىنى تاقىدى - دە، بىر قانچە پارچە باھالاش قەغىزىنى بېسىپ چىقاردى. تارماق شىركەت مەسئۇللىرىنىڭ ئىسمىنى تولدۇرغاندىن كېيىن، كاتەكچىلەرنى ھېلى توم، ھېلى ئىنچىكە، خەت تومۇرنى ھېلى ئۇزۇن، ھېلى قىسقا قىلىپ بىردەمدىلا سان - سىپىرلارغا تولدۇرۇۋەتتى، نومۇرلارنى يۇقىرى - تۆۋەن قىلىپ قويدى، ھەرقايسى قەلەم ئىزلىرىمۇ ئوخشىمايتتى.

شۇنداق قىلىپ ئويدۇرۇپ چىقارغان سان - سىپىرلارنى جەملەپ ئوتتۇرىچە نەتىجىسىنى چىقاردى. ئوڭ قول رەھبەرنىڭ نومۇرى يۇقىرىراق بولۇپ ئەلا دەرىجە، مۇئاۋىن رەھبەر سورۇندا ئۇنى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمىگەندەك بىلىنگەچكە ئۇ مۇئاۋىن رەھبەرنىڭ نومۇرىنى ئامالىنىڭ بارىچە تۆۋەن قويغانىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنىدى.

ئۇ بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى، بىراق، ئۇ يوق بولۇپ چىقتى، ئۇ جەدۋەللەرنى بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئۈستەلىگە قويۇپ قويدى. ئىشخانىسىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئاممىۋى ئاپتوبۇس قاتناش شىركىتىگە يەنە بىر تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتە قىلىپ بېقىشنى ئويلىدىيۇ، يەنىلا بولدى قىلدى. تېپىلمىغان ئوخشايدۇ، چوقۇم مەلۇم بىر يولۇچى ئېلىپ چۈشۈپ كەتكەن گەپ.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئىتتىرىلىپ بۆلۈم باشلىقى كىرىپ كەلدى. كۆز ئالدىدا مىڭلىغان چېۋىنلەر ئۇچۇپ يۈرگەندەك بولۇپ ئۇنىڭ مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى. بۆلۈم باشلىقىنىڭ قولىدا بىر سومكا بولۇپ، بۇ دەل ئۇ ئىزدەپ سەرسان بولۇپ كەتكەن قارا رەڭلىك ھۆججەت سومكىسى ئىدى.

بۆلۈم باشلىقى سومكىنى ئۇزاتقاچ «تونۇگۈن كەچتە بۇنى ھېلىقى ئاشخانىدا ئۇنتۇپ قالغان ئىكەنسەن، ئاشخانىدىكىلەر بۇنى تارماق شىركەتنىڭ مۇئاۋىن رەھبىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. مۇئاۋىن رەھبەر ئەتىگەندىلا بىرسىدىن بۇنى ماڭا ئەۋەتىپتۇ. دەرھال خۇلاسە چىقىرىپ ماڭا بېرىڭ!» دېدى.

بۆلۈم باشلىقى شۇنداق دېگەچ ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ سومكىنى ئېلىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. مېڭىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقانىدى.

دېڭ خوگۆيى ئىمزالىقىدىكى بۇ ئەسەر خەنزۇچە «ھېكايىلەردىن تاللانمىلار» ژۇرنىلىنىڭ 2013 - يىللىق 9 - ئايلىق سانى (ئومۇمىي 340 - سان)دىن **ئايشەمگۈل جاپپار ناسىرى** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقات يۆنىلىشىنىڭ 2013 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى

## دۆلەتكە تاپشۇرۇش

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا بىر ئوقۇغۇچى جى شيەنلىندىن كىتاب ئارىيەت ئالماقچى بولدى. ئۇ كىتاب ئاسانلىقچە تېپىلمايدىغان بىر پارچىلا كىتاب بولۇپ، ئارىيەت ئالغۇچى ئوقۇش جەريانىدا بۇزۇپ قويسا ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش تەس ئىدى. جى شيەنلىن رەت قىلىشقىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇغۇچىغا «بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلىپ ئەپكېتىڭ، بولامدۇ؟» دېدى. ئوقۇغۇچى خۇش بولۇپ كېتىپ قالدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئوقۇغۇچى دېگەن ۋاقىتتا كەلدى. جى شيەنلىن ئۇنىڭغا رەتلىك تۈپلەنگەن نەچچە يۈز بەتلىك بىر دەستە ۋاراقچىنى بەردى ۋە: «كەچۈرۈڭ، مەن ئەسلى نۇسخىسىنى سىزگە ئارىيەت بېرەلمەيمەن، چۈنكى، بۇ ئەسلى نۇسخا بەك قىممەتلىك، مەن ئۇنى كېيىن دۆلەتكە ھەدىيە قىلماقچى، ھازىر بۇ كىتابنى مەن سىرتقا ئارىيەت بېرەلمەيمەن، ناۋادا مەن بۇ كىتابنى باشقىلارغا ئارىيەت بېرىش سەۋەبىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ قويسام، كېيىن دۆلەتكە تاپشۇرالماي قالىمەن، مەن سىزنى مېنىڭ بۇ قىلغانلىرىمنى چوقۇم توغرا چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايمەن، بۈگۈن مەن سىزگە بەرگىنىم مەن قولۇمدا كۆچۈرۈپ چىققان نۇسخىسى. قارىماققا بىر ئاز ئاۋارىچىلىقتەك تۇيۇلسىمۇ، بىراق ئاساسىي جەھەتتىن خاتالىق يوق، بىرەر سۆزمۇ چۈشۈپ قالمىدى، ئوخشاشلا پايدىلانغىلى بولىدۇ» دېدى.

بۇ ئەسەر «خىللانغان فېلىيەتونلار» (经典杂文) ژۇرنىلىنىڭ 2013 - يىللىق 9 - سانىدىن **ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: خوتەن ناھىيە خانئېرىق بازىرى سېرىقئۆي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى.

## ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر دېرىزىسى

مەشھۇر پسىخولوگ لى شۇشىننىڭ بىر كىتابىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار:

بىر قىزچاق دېرىزە يېنىغا بېرىپ سىرتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئامراق كۈچۈكنى دەپنە قىلىۋاتقان بىرەيلەننى كۆرىدۇ، بۇ قايغۇلۇق مەنزىرىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان قىز ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن بوۋىسى شۇ زامات قىزنى يېتىلەپ باشقا بىر دېرىزىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ھويلىسىدىكى ئەتىرگۈللەرنى كۆرسىتىدۇ. پورەكلەپ ئېچىلغان ئەتىرگۈللەرنى كۆرگەن قىزنىڭ كەيپىياتى بىردەمدىلا ياخشىلىنىدۇ. بوۋاي نەۋرە قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: «قىزىم، سىز دېرىزىنى خاتا ئېچىپ قالدىڭىز» دەيدۇ.

ھاياتلىق سەپىرىمىزدە گۈزەل مەنزىرىلەرمۇ، خەتەرلىك تاغ يوللىرىمۇ، تىك داۋان، چوڭقۇر ھاڭلارمۇ، لاي - لاتقىلىق ساسلىقلارمۇ بار. گاھىدا مول - ھوسۇل، غەلبە شادلىقىدىن قاقاھلاپ كۈلسەك، گاھىدا مەغلۇبىيەت ئازابىدا پۇچىلىنىمىز. تۇرمۇشتا ھەممە ئىشلار ئويلىغىنىمىزدەك بولۇۋەرمەيدۇ، ھەممىمىزنىڭ «دېرىزە»نى خاتا ئېچىپ سېلىپ يەنە بىر «دېرىزە» سىرتىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىشتىن قۇرۇق قالىدىغان ۋاقىتلىرىمىز بولىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر ۋاقتىدا ئۆزىنى ئوڭشاپ ھاياتلىقتىكى گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن يېڭى بىر دۇنيانىڭ «دېرىزىسى»نى ئاچىدۇ، چۈنكى، ئۇلار دۇنياغا ئاكتىپ، ئۈمىدۋار روھ بىلەن نەزەر سالغاندا ئاندىن گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرەلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

يېقىندا، دوستۇم مېنى يېڭى ئېچىلغان بىر چايخانىغا ئۇچرىشىشقا تەكلىپ قىلدى، چايخانىنىڭ غوجايىنى ئويلىمىغان يەردىن مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ساۋاقدىشىم بولۇپ چىقتى. پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇ ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى ئۇ ئۆزى يالغۇز شېنجېنغا خىزمەت ئىزدەپ بارىدۇ، ئۇ بارغان بىرىنچى شىركەت ئۇنىڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەمەسلىكىنى باھانە قىلىپ رەت قىلىدۇ. ئىككىنچى شىركەتنىڭ يۈزتۇرا ئىمتىھانىدا بوي - تۇرقىنىڭ پاكارلىقى تۈپەيلى شاللىنىپ قالىدۇ. ئۈچىنچى شىركەتتىكىلەر ئۇنىڭ كۆرۈش

قۇۋۋىتىنىڭ ناچارلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى رەت قىلىدۇ. بۇلار ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولىدۇ. قاتتىق روھى چۈشكەن، چىرايىنى غەم بۇلۇتلىرى قاپلىغان ساۋاقدىشىم كوچىدا نەگە بارارىنى، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇيان - بۇيان لاغايلاپ يۈرگىنىدە، يېنىدىن بىر ئەسكى - تۈسكى يىغىدىغان ئاۋارە كىشى ئۆتۈپ قالىدۇ. رەڭگىنى پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەن، كېرەكسىز قۇتا - بوتۇلكىلار سېلىنغان تىرە خالتىسىنى ئۈشنىسىگە يۈدۈۋالغان، كىيىملىرى جۇل - جۇل بۇ كىشى قانداقتۇر بىر ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا غىڭشىغان، چىرايىدىن بەخت تەبەسسۇمى پارلاتقان پېتى كېتىۋاتاتتى... ئۇ خېلى ئۇزاققىچە ھېلىقى ئەسكى - تۈسكى يىغقۇچىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالىدۇ: «ئۇ بۈگۈن بىر نەچچە بوتۇلكىنى ئارتۇق يىغقىنى ئۈچۈن شۇنچە خۇشالمىدۇ؟ مەن بىر ئىستۇدېنت تۇرۇپ نېمىشقا ئۇنىڭدەك خۇشال ياشيالمايمەن؟». ئۇ بىردىنلا ھوشنى يىغدۇ، كەيپىياتى ياخشىلانغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ ناھىيە ئىچىدىكى بىر ئىدارىدە ئىشلەيدۇ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر سېپىگە قوشۇلىدۇ... ئۇ ھازىر بىر چايخانا زەنجىر سىمان شىركىتىنىڭ باش لىدىرىغا ئايلانغان بولۇپ، غايىسىدىكى كىشىلىك تۇرمۇشنى بەرپا قىلغانىدى. تەڭرى بۇ ساۋاقدىشىمغا «ئازاب دېرىزىسى» بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر «ئۈمىد دېرىزىسى»نىمۇ قوشۇپ بەرگەنىكەن. ھېلىمۇ ياخشى ساۋاقدىشىم ئەقىل كۆزى بىلەن «ئۈمىد دېرىزىسى»نى پەرق ئېتىپ ئاكتىپ روھىي - ھالەت بىلەن ئوڭۇشسىزلىققا دادىل يۈزلىنىپ، تەقدىرىنىڭ تىزگىنىنى ئالقىنىغا ئالغان ھەمدە بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئىدى.

تاگور مۇنداق دېگەن: «سەن قۇياش پارلاپ تۇرغان يورۇق كۈندۈزنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكىنىڭ ئۈچۈن پۈشايمان ياشلىرىڭنى تۆكۈۋاتقىنىڭدا، يۇلتۇز چاقناپ تۇرغان گۈزەل كېچىدىن ھوزۇرلىنىش پۇرستىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقان بولىسەن».

ئەمەلىيەتتە دۇنيادىكى ھەممە ئىشلار كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ، پاسسىپ، چۈشكۈنلەرنىڭ كۆرىدىغىنى تۇرمۇشنىڭ ئازاب - قايغۇغا تولغان بىر يۈزى بولسا، ئۈمىدۋار كىشىلەرنىڭ كۆرىدىغىنى - ئۈمىد، پۇرسەت، خۇشاللىققا تولغان يەنە بىر يۈزى بولىدۇ.

بىر قاتار ئوڭۇشسىزلىق ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغانغۇچىلار تۇرمۇشنى سەدەپ قۇلۇلىسىگە ئوخشىتىدۇ. تال - تال ئازاب قۇملىرى سەدەپدارنىڭ ئىچىگە كىرىپ سەدەپدارنى قىيناشقا باشلايدۇ، سەدەپدار ئاغرىق ئازابىنى يېڭىلىش ئۈچۈن بىر خىل سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىپ ھېلىقى ئازاب قۇملىرىنى ئورايدۇ، چەكسىز قىينىلىش، تەكرار سۇرىلىشلەر ھېسابىغا ئاجايىپ نۇرلۇق مەرۋايىت دۇنياغا كېلىدۇ.


تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق ۋە توساقلار ھەممىلا يەردە مەۋجۇت. ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغىنىڭىزدا بۇرۇلۇپ، بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزىڭىز ۋە تۇيغۇن يۈرىكىڭىزگە تايىنىپ ھاياتلىقتىكى يەنە بىر دېرىزىنى ئېچىپ كۆرۈڭ، ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان ئوتلۇق قۇياشنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن!

بى جيالوڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «ئالاھىدە تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2015 - يىلى 8 - ئايلىق ئالدىنقى ساندىن **شەمسىنۇر تۇرغۇن زىلتار** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: يەكەن ناھىيىلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن

بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قاراتېكىن (تەكلىپلىك).



ئازات سۇلتان

# جەنۇب ـ شىمال ئارىلىقىدىكى تىنىمسىز يازغۇچى[1]

پاتگۈل ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر كۆز تىكىۋاتقان بىر
ئۇيغۇر يازغۇچى، ئۇ خەنزۇ تىلىدا يازىدۇ. گەرچە بۇ ئۇنىڭ
ئانا تىلى بولمىسىمۇ، بىراق پاتگۈل باشقىلاردىن ئېشىپ
چۈشىدىغان ئالاھىدە يۇقىرى تىل تالانتىغا تايىنىپ، خەنزۇ
تىلىدا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە
مىللىي كىملىكنىڭ تىل تاللاشتىكى گۇناھسىزلىقى، ئەندىشە-
سى، تەشۋىشلىرى ۋە ئازابلىرى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ
مىللەت، كىملىك ۋە مەدەنىيەت پەرقىگە مۇناسىۋەتلىك ياز-
مىلىرى ئۆزگىرىشچان جەمئىيەتتىكى مىللەتلەرنىڭ گىرەلە-
شىپ كېتىش كۆز قارىشىغا تاقىلىدىغان بولۇپ، روھىي تەنها-
لىق ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىشتەك ئاساسىي تېمىسى بىلەن دىق-
قەتكە سازاۋەردۇر.

پاتگۈلنىڭ ئىجادىيىتىدە نەسر ئاساسىي سالماقنى ئىگە-
لەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇنىڭ نەسرلىرى بىرقانچە
تۈرلۈك دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ئۇ ئۆزد-
گە خاس كۆزىتىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئۆز كەنتىنى، ئۆز يۇر-
تىنىڭ تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ئوي ـ پىكىر-
لىرىنى خاتىرىلىدى. يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، ئۇنىڭ 400 مىڭ
خەتتىن ئارتۇق ئەسىرى «خەلق ئەدەبىياتى»، «نەسرلەر-
دىن تاللانما»، «ئالەمنىڭ چېتى»، «ئاۋام» قاتارلىق نەشر
ئەپكارلىرىدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭ چوڭ
ھەجىملىك يۈرۈشلۈك نەسرلەر توپلىمى بولغان «يۇرت ئەس-
تىلىكى»، «غايىب بولغان ئانا»، «قوزىچاق ئىككىمىزنىڭ
مەخپىيىتى»، «شالغۇتلار كەنتى» قاتارلىقلاردا مەۋھۇم
تەسۋىر ئېلېمېنتلىرى بېيىتىلغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر
ئۇلاردىن كىملىك تونۇشى ۋە مەدەنىيەت تەۋەلىكىگە مۇنا-
سىۋەتلىك زۆرۈر ئامىللارنىڭ تەسۋىرىنى كۆرەلەيدۇ. نەسر-
دىكى ئەركىن روھنىڭ ماھىيىتى دەل ئۆزلۈكنىڭ مەۋجۇتلۇ-
قى ۋە ئاشكارىلىنىشىدۇر. پاتگۈل بىر دېرىزىنى ئاچتى، دې-
رىزىدىن كىرگەن قاتمۇقات نۇر دۇنياسىدا، ئۆزلۈكنىڭ
سۈزۈك ئەكس نۇرى جۇلالىنىپ، كۈچلۈك دولقۇن ھاسىل
قىلدى.

پاتگۈل كىچىك ۋاقتىدا دادىسى ئۇنى خەنزۇ مەكتەپكە
بەرگەن. ئۇنىڭ دادىسى قەشقەرنىڭ پەيزاۋات ناھىيەسىدىن
بولۇپ، بىر قېتىملىق شىمالىي شىنجاڭ سەپىرىدە تىل بىلە-
مەسلىكنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان. كېيىن ئۇ نائىلاج پا-
تىگۈلنى خەنزۇچە مەكتەپكە بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ پاتە-
گۈلنىڭ ئۆمۈرلۈك مۇقەررەر تاللىشى بولۇپ قالغان. ھازىر
پاتگۈلنىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىن ئىبارەت
ئىككى تىلنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى ئالدىراش ئۆتمەكتە. پاتە-
گۈل ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئانا

تىلى ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر پسخىكىسىنى ئىگىلىشىگە ياردەم بەرسە؛ خەنزۇ تىلى ئۇنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتى ۋە تەسەۋۋۇرىنى چەكسىز قاناتلاندۇرۇپ، ئەسەرلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىشى ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئىككى خىل تىل ئۇنىڭ ئىككى قانىتىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ بوشلۇقتا ئەركىن پەرۋاز قىلىشى ئۈچۈن تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ كەلمەكتە.

تىل — تەپەككۇرنىڭ بىۋاستە ئىپادىلىنىشى، بىر تىلنى ئارتۇق ئۆگىنىش باشقىلارغا نىسبەتەن بىر تەپەككۇر شەكلىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن، ھاياتلىقتا بىر نىشاننىڭ ئاۋۇغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. پاتىگۇل ئۆزىنىڭ «ئەسلىگە كەلگەن ئالتىنچى بارماق» دېگەن نەسرىدە ئۆزىنى ئالتە بارماقلىق ئادەمگە ئوخشىتىدۇ. بەدەنگە نىسبەتەن بىر بارماقنىڭ كۆپ بولۇشى ھەقىقەتەن ئارتۇقلۇق قىلىدۇ، بىراق مەنىۋى ئىنتىلىش قانچە كۆپەيگەنسېرى ئىنساننىڭ قىممىتىمۇ شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ.

تىل ئادەملەرنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، مەنىۋىيەتتە بىر نىشان ئارتۇق بولسا، دۇنيا قاراشتا باشقىلارغا نىسبەتەن بىر كۆزىتىش نۇقتىسى كۆپىيىدۇ. بۇ باشقىلارغا نىسبەتەن تۇرمۇشنى ئەڭ چوڭقۇر قازىدىغان بىر تال ئۆتكۈر بۇرغا، ھاياتلىق ئۇچۇرلىرىنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلالايدىغان بىر ئۇچۇر قوبۇللىغۇچ كۆپەيدى دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھاياتنىڭ مەنزىلى ۋە مەنىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىنسان روھىنى يېڭىلايدۇ.

قوش تىلنى تەڭ قوللىنىش — پاتىگۇلنىڭ ھايات كەچمىشىدە يېڭىچە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. ئۇ جەنۇب - شىمال ئارىلىقىدا تىنىمسىز يېزىقچىلىق قىلىش جەريانىدا قوش تىل بىلىشتەك ئەۋزەللىكنىڭ پايدىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كۆردى. بىر خىل تىل باشقا بىر خىل سالاھىيەتنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەرگە قارىغاندا، مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە، شۇ كىشىنىڭ باشقا بىر مەدەنىيەتكە سىڭىپ كىرىشىدە تېخىمۇ كۆپ قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەدەبىيات — ئۆزلۈكنى ئىزدەش جەريانى، ئىنسان روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى يوشۇرۇن ئېڭىنى چاقنىتىش ۋە قېزىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يۈزەكى ۋە ئاڭسىز ياشاش ھالىتىدە بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك. پاتىگۇل ئەسەرلىرىدە، ئۆزىنى ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت گېنىدىكى ئالاھىدە مەدەنىيەت بەلگىلىرىنى ئېلىپ يۈرگۈچى دەپ قاراپ، خەنجەردەك ئۆتكۈر تىللار بىلەن ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلغان. كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ئۇچرىشىۋاتقان، گىرەلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا پاتىگۇلگە ئوخشاش بۇنداق يازغۇچىلار ئەسلىدىنلا ئىنسانشۇناسلىق قىممىتى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

پاتىگۇل «دورامچىنىڭ تۇرمۇشى» دېگەن نەسرىدە، ئۆزىنى بىر خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ دورامچىسى دەپ قاراپ، ھەقىقىي ئۆزىنى ئىزدەش جەريانىنى چوڭقۇر ئىپادىلىگەن. «دورامچىنىڭ تۇرمۇشى» ناملىق نەسرىدە ئۇ يۇقىرى بەددىي ماھارەت بىلەن باللىق ئەسلىمىلىرى بىلەن ھازىرقى تۇرمۇش ھالىتىگە نەزەر سېلىپ، ئۆزىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى تىنىمسىز تېپىرلاشلىرى، گاڭگىراشلىرى، ھالسىراشلىرى ۋە تىركىشىشلىرىنى ئىپادىلىگەن. مەدەنىيەت تونۇشى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پاتىگۇلنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى ئىزدىشى قەدىرلەشكە تېگىشلىك روھ. مەدەنىيەت يەر شارىلىشىۋاتقان، كۆپ مەنبەلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنى چۈشىنىشكە، ئېتىراپ قىلىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىش ۋە پەرقلەرگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئىنسانلار بايقىغان پەرقلەر قانچە كۆپەيگەنسېرى، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىمۇ شۇنچە كېڭىيىدۇ، ئېتىراپ قىلىدىغان پەرقلەرمۇ شۇنچە كۆپىيىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئىنتىلىدۇ، ئۆزئارا چۈشىنىشىدىغان بىر كەيپىياتقا قاراپ تېخىمۇ ياخشى ئۇيۇشىدۇ.

مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە كىشىلىك تۇرمۇش ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، ئىنسانلار چوڭ مېڭىسىگە خاتىرىلەنگەن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مۇساپىسىگە نەزەر ئاغدۇرۇلىدۇ. ئەنە شۇ جانلىق تەپەككۇر ھۆججەتلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىش سىرىنى يېشىدۇ. پاتىگۇلنىڭ 2014 - يىللىق خەلق ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «تىللار تەرىپىدىن تالاشتا قالغان تىل» ناملىق نەسرى ئەنە شۇنداق ئەسەردۇر. بۇ مۇنەۋۋەر ئەسەردە «يەككە مىللەت تىلىنىڭ ئەسلىمىلىرى ئارقىلىق بىر دەۋرنىڭ مەدەنىيەت تاللىشى خاتىرىلەنگەن. ئاپتورنىڭ باللىق دەۋرىدىكى كۆزىتىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرى بىلەن ھازىرقى تەجرىبىسى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، مىللىي كىملىكنىڭ تىل تاللاشتىكى گۇناھسىزلىقى، ئەندىشىسى، تەشۋىشلىرى ۋە ئازابلىرى ئىپادىلەنگەن. ئەسەردە تىل تاللاش بىلەن مەدەنىيەت روھـ

غا ۋارىسلىق قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن ئەمما، يىراق باغلىنىش ئىپادىلىنىپ، بۈگۈنكىدەك ئۈچقۇر دەۋرىدە تىلنىڭ روھنىڭ شەرھلىگۈچىسى ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن تونۇتۇلغان، شۇ ئارقىلىق نەسرنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغان مەدەنىيەت ئىچكى مەنىسى تېخىمۇ بېيىتىلگان.» («خەلق ئەدەبىياتى» مۇكاپاتىنىڭ مۇكاپاتلاش سۆزىدىن)

«تىللار تەرىپىدىن تاللاشتا قالغان تىل»نىڭ باللىق دەۋرىدىكى كۆزىتىش نۇقتىسىدا، ئۆتمۈش ئەسلىملىرى بىلەن ھازىرقى تەجرىبىسى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، يەككە مىللەت تىلىنىڭ ئەسلىملىرى ئارقىلىق بىر دەۋرنىڭ مەدەنىيەت تاللىشى خاتىرىلەنگەن. ئەسەردە ئاپتورنىڭ ئالاھىدە كىملىكى ۋە ئىگىلىگەن كۆپ خىل تىلى ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش مۇھىتىدا ئوخشاش بولمىغان تىللارنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغان... ئەڭ دەسلەپكى گاڭگىراشلىرى ۋە ئازابلىرىدىن، كېيىنكى چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىشلىرىغىچە بولغان جەريانلار چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ۋە چۈشىنىشلىك سېلىشتۇرۇلغان، تەھلىل قىلىنغان. شۇنىڭدەك ئاپتور يەنە تۇرمۇشتىكى نۇرغۇنلىغان جانلىق ۋە ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ: «بىر تىلنى ئارتۇق بىلسەڭ، بىر يولۇڭ كۆپىيىدۇ» دېگەن كۆز قارىشىنى ئوبرازلىق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلىگەن. قارىماققا، ئەسەردە باشتىن - ئاخىر ئوخشاش بولمىغان تىل ۋە مەدەنىيەتلەر، تۇرمۇشتىكى قېقىلىش - سوقۇلۇش ۋە گىرەلىشىشلەر تونۇشتۇرۇلۇۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق چوڭقۇر قاتلىمىدىن كۆزەتكەندە، ئادەملەرنىڭ سىرتتىن كەلگەن شەيئىلەرگە نىسبەتەن كەڭ قورساق بولۇشى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ كەڭ مەنىدە ئىپادىلەنگەن. ئەسەردىن ئاپتورنىڭ تۇرمۇشنى ئىنچىكە، چوڭقۇر، تەپسىلىي كۆزەتكەنلىكى؛ ماھىرلىق بىلەن تەھلىل يۈرگۈزگەنلىكى، ھەممە پىشقان تىل ماھارىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ نامايان قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

پاتىگۈل ياخشى كۆرىدىغان نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بار، ياكى ئۇلار ئىسلام دىنى ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى قوش تىللىق يازغۇچىلاردۇر. مەسىلەن: ۋىلادىمىر نابوكوۋ ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ بارغان رۇسىيەلىك يازغۇچى؛ ھېرتا مىللېر رۇمىنىيەگە ئولتۇراقلىشىپ قالغان گېرمانىيەلىك شائىر؛ نايپائۇل ئەنگلىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھىندىستانلىق ئەدىپ؛ يەنە تۈركىيەلىك ئورخان پاموك غەرب ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان مۇسۇلمان يازغۇچى.

بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ خەلقئارادا زور شۆھرەتكە ئېرىشەلىشىدىكى ئەڭ زور ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى — ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىككى خىل تىل ۋە مەدەنىيەتنى ھالقىپ ئۆتەلىگەنلىكىدە. ئۇلارنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى بىر پۈتۈن مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن باشقا يازغۇچىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ئارىلىشىپ ياشىغان كىشىلەردە مول غەيرىي ئىممۇنىتېت كۈچ، كېڭىيىش كۈچى ۋە كۆپ قاتلاملىق ئۆزگىرىشچان مۇھىتقا بولغان كۈچلۈك ماسلىشىش ئىقتىدارى بولغان بولىدۇ.

پاتىگۈلنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى ئىككىگە بۆلسەك، 25 يىلى شىنجاڭدا، 25 يىلى جەنۇبىي جۇڭگودا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ھاياتىنى «جەنۇبىي جۇڭگودا تۇرۇپ شىنجاڭنى يازغان ھايات» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي جۇڭگو ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىككى دۇنيا بولۇپ، ئۇ ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ۋە ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇشنى ئۆز ۋۇجۇدىدا تەڭ پەرۋىش قىلىپ بېقىشقا ئۇرۇنىدۇ. بىراق، ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنى پەرۋىش قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ دىلى خېلى كۆپ ئازار يەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭدا بىئارام بولۇش ئالامىتى كۆرۈلمەيدۇ، بەلكى ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ھەرخىل ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتنى تەنھالىق ئىچىدە قوبۇل قىلىش نەقەدەر ئۇلۇغۋار ئىش - ھە! پاتىگۈلنىڭ ھاياتى دەل ئەنە شۇنداق ئىككى خىل مەدەنىيەت بىر ۋۇجۇدقا مۇجەسسەملەنگەن يېگانە ھايات.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يەنە بىر خىل مول مەدەنىيەتنىڭ ئىز - تامغىسى بېسىلغان. ئۇ نۇرغۇن ئادەملەردىن بىر قەدەم ئىلدىدا مېڭىپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتنىڭ ئۆز روھىغا سوقۇلۇشى ۋە قوشۇلۇشىنى قوبۇل قىلدى. ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ چېنىقتۇرۇشى ۋە تاۋلىشى ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى گويا قەدىمكى نەپىس ۋە ئېسىل فارفۇر قاچىلارنىڭ يۈزىدىكى گۈل سىزىقچىلىرىدەك، مۇز كىرىستاللىرىدەك ئىچكى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى يېڭىلاپ، ئاجايىپ رەڭدار تۈسكە كىرگۈزدى. ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىمۇ زور دەرىجىدە كېڭىيىپ، ھايات ساپاسىمۇ باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىشكە باشلىدى.

2014 - يىلى 12 - ئايدا بېيجىڭ دەۋر نەشرىياتى نەشر قىلغان پاتىگۈلنىڭ «يۈز يىللىق قانداشلىق» ناملىق تۇنجى

رومانى بېيجىڭ شەھىرى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر رومان» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ھەمدە 2015 - يىلى 3 - ئايدا شەرەپ بىلەن «جۇڭگو ياخشى كىتاب مۇنبىرى»گە تىزىلدى. بۇ كىتاب ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ۋەكىلى پاتىگۇلنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى، جى خودانىڭ ‹مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى›، ئالەينىڭ ‹چاڭ - توزان بېسىققاندا›دىن قالسا، 30 يىلدىن بۇيان مەيدانغا كەلگەن ئەڭ مىللىي قىممەتكە ئىگە نادىر (كىلاسسىك) رومان» دەپ قارالدى.

پاتىگۇلنىڭ «يۈز يىللىق قانداشلىق» رومانىدا ئائىلىسىدىكى بەش ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق ئۆزگىرىشلىرىدىكى ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ۋە خۇشاللىقلىرى يىرىم تەرجىمىھال شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، رومانىدا بىر قانداشلىقنىڭ باشقا بىر قانداشلىققا توختىماستىن سىڭىپ كىرىش جەريانى ھەمدە بىكىنمىلىكتىن ئېچىۋېتىشقىچە، زوراۋانلىقتىن مۇلايىملىققىچە، ئازاب - ئوقۇبەتتىن مىننەتدار بولۇشقىچە بولغان جەريانلار تەسۋىرلىنىپ، بىر ئەسىردىن بۇيانقى ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلەر جەريانىدىكى زىددىيىتى ھەم ئارىلىشىپ ياشاش يۈزلىنىشى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

پاتىگۇلنىڭ ئائىلىسىنىڭ قانداشلىقنى قارغاشتىن ئىنسان خاراكتېرىنى قېزىشقىچە ھەم مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە كېلەچىكىگىچە بولغان يازمىلىرىدىن، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىگە بولغان چوڭقۇر ئىزدىنىشى ھەم چوڭقۇر مېھرى بىلەن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «يۈز يىللىق قانداشلىق» رومانىنىڭ قىممىتى پەقەت دەۋر ۋە مىللەت ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەنلىكىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى، ئەڭ موھىمى مەۋجۇتلۇق قىسمىتى ھەققىدە چەكسىز ئىزدەنگەنلىكىدە.

روماندا ئىنچام ۋەقەلەر، ئۆتكۈر تىللار ۋە ھەققىي كىشىلىك تۇرمۇش تەسىراتلىرى ئارقىلىق دەۋر ئاساسىي مېلودىيەسى ۋە پىشقان بەدىئىي ماھارەت نامايان قىلىنغان. كىتابتا گۈزەل ۋە يېڭىچە ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ يۈز يىلدىن بۇيانقى تالاش - تارتىشى ۋە ئارىلىشىپ ياشاش تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «يۈز يىللىق قانداشلىق» كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئۆزگىچە بىر خۇش پۇراقلىق گۈل بولۇپ، ئۇ بىزگە تېخى ھېچكىم ئاياغ بېسىپ باقمىغان بىر مۇنبەت تۇپراقنى ئېچىپ بەردى. پاتىگۇل دۇنيانىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىگە تۈيدۇرماي سىڭدۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنى ساياھەت قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ ئىچىدە چوڭقۇر ئويلاندۇردى.

بۇ رومان رېئالىزملىق ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە پۈتۈنلەي يېڭىچە ئىپادىلەش ۋاستىلىرى قوللىنىلغان، كۆپ تەرەپلىمىلىك كۆزىتىش نۇقتىسى ئارقىلىق مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن تەرەققىيات ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئىنسان ھاياتىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە قىممىتى بولىدۇ. مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ بۈگۈنكىدەك ئۆزئارا ئالاقىلىشىش ۋە ئارىلىشىپ ياشاشتەك باشقا بىرخىل مەدەنىيەت شەكلى ئۈچۈن كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقلىرىمۇ، ئوخشاشلا ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر قىممەتلىك تەرىپى.

2015 - يىلى 3 - ئايدا پاتىگۇل شىنجاڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كۇچا ناھىيەسىگە كېلىپ، نەق مەيداندا «ئاخىرقى كۇچا ۋاڭى» ناملىق رومانىنى يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئەڭ ئاخىرقى بىر بەگنىڭ كونىلىق بىلەن يېڭىلىق ئالمىشىۋاتقان ۋە مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىچكى دۇنياسىنى يازماقچى بولدى. ئۇ كۇچادا ناھايىتى ياخشى قوغدىلىۋاتقان كوناشەھەر رايونى بىلەن كۆنسېرى ھۆسنى تۈزەپ گۈزەللىشىپ بېرىۋاتقان يېڭىشەھەر رايونى ئارىلىقىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھەربىر كۇچالىقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاخىرقى بەگنىڭ سايىسىنى ئىزدىمەكتە.

كۇچا تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە دىنىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىنتايىن مول بىر يۇرت بولۇپ، تارىخ سۆزلەيەلەيدۇ، ئۆز تىلى ئارقىلىق ھەممىنى بىزگە سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. تارىخ كۇچادىن ئىبارەت بۇ سۆيۈملۈك يۇرتقا ھەدىيە قىلغان مەدەنىيەت يالداملىرى نەقەدەر ئىپتىخارلىق ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە - ھە! مېنىڭچە، تارىخنىڭ پاتىگۇلدىن ئىبارەت خەنزۇ تىلىدا يازىدىغان بۇ ئۇيغۇر يازغۇچىنىڭ قەلىمىگە يۈكلىگەن بۇرچ - مەسئۇلىيىتىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخىرقى دەۋردىكى بېگى بولغان كۇچا ۋاڭى ھەققىدىكى بۇ رومانىنىڭ بالدۇرراق روياپقا چىقىشىغا سەمىمىي تىلەكداشمەن.

① ئاپتور بۇ ماقالىنى خەنزۇ تىلىدا يازغان.

كۇچا ناھىيەلىك «قوش تىل» ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش مەركىزىدىن **ئەھەت داۋۇت** تەرجىمىسى

( نەسر )

# تىللار ئەرپىدىن ئالاشتا قالغان تىل



پاتىگۈل ئىبراھىم

1

ئۆيمىزنىڭ ياغاچ ئىشىكىنى سىرلىغاندا، كۆك ۋە يېشىل سىردىن ئازراقتىن ئېشىپ قېلىۋىدى، دادام ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپلا تۆپلەپ سىرلىۋەتتى. تەكشى ئارىلاشتۇرۇلمىغان سىر دەسلەپتە كۆك دېسە كۆك ئەمەس، يېشىل دېسە يېشىل ئەمەس غەلىتە بىر رەڭگە كىرىپ قالغان ئىدى. ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرى سىر كۆپۈكچە ھاسىل قىلىپ، پاقىنىڭ تېرىسىگە ئوخشاپ قالسا، ھاۋا سوغۇق كۈنلىرى كۈچلۈك شىمال شامىلىدا يېرىلىپ سويۇلۇپ چۈشەتتى. ئىشىكتىكى سىرلار ئۈزلۈكسىز شەكىل ئۆزگەرتىپ، تىرىشىپ ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشاتتى. كېيىنچە، يېپىشقاق يېشىل سىر شامالنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، كۆك سىرلارنى سىقىپ چىقىرىۋېتىشكە ئازلا قالدى. شامالنىڭ تەسىرىدىن يېرىلىپ سويۇلۇپ چۈشكەن يېشىل سىرلارنىڭ ئورنىدا ئۇششاق داغ ئىزى قېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىشىكنىڭ رەڭگى كۆككە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

ئائىلىمىزنىڭ تىل ئۆزگىرىشىمۇ ئەنە شۇ ئىشىكنىڭ رەڭ ئۆزگىرىشىگە ئوخشاپ قالاتتى. دەسلەپتە باشلامچى ئورنۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئانامنىڭ خوتۇنزۇ تىلى ئۇنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشى (ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغاندىن سىرت، نورمال تىل ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قېلىشقىمۇ تاس قالغانىدى) سەۋەبىدىن، دادامنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئورۇن بوشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلگەنچە قوللانغان تىلى ۋە تۇرمۇش ئادىتى بەئەينى نائۇستا سىرچىنىڭ چوتكىسىدىكى ئوخشىمىغان ئىككى خىل سىر، كالامپاي تامچىنىڭ ھاندىكىسىدىكى ئوخشىمىغان ئىككى خىل لايدەك مېنىڭ گۆدەك جىسمىمغا ئۈستى - ئۈستىلەپ چاپلىنىپ، ۋۇجۇدۇمنى ئالا - چىپار رەڭدە بوياپ، روھىمدا تولدۇرۇۋالغۇسىز بىر بوشلۇق ھاسىل قىلغانىدى. ئۇلار مەندەك بىر ئارىلاشما قان سىستېمىسىدىن بولغان ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، رەڭگىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ئارىلاشما سىردەك ئەبجەش مەدەنىيەتلىك بىر ئەۋلادنى ئاپىرىدە قىلغانىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ قايسى تەرىپىمنىڭ دادامنى، قايسى تەرىپىمنىڭ ئانامنى تارتقىنىنى ھازىرغىچە دەپ بېرەلمەيمەن.

ئەبجەشلىكنىڭ ئەنە شۇ يالداملىرىنى ئويلىسام، ۋۇجۇدۇمغا يىڭنە سانجىلغاندەك بولىمەن. يىڭنە سانچىلغاندى-

كى ئەڭ دەسلەپكى ئاچچىق ئاغرىق، قىزىشىش ھازىر مەندە يوقالدى، ئىششىقمۇ ياندى، قان داغلىرى پاكىز تازىلانغاندىن كېيىن، جاراھەت ئېغىزىمۇ ئاستا - ئاستا پۈتۈپ، قالدۇق جاراھەت ئىزلىرىمۇ يوقالدى. ئەڭ ئاخىرىدا قېلىپ قالغان بىلىنەر - بىلىنمەس تاتۇق قەلب قەسرىمدىكى پەقەت ئۆزۈملا كۆرەلەيدىغان ئاچچىق يالداما بولۇپ قالدى. دادام بىلەن ئانامنىڭ مىللەت ئايرىمىسى ئوخشىمايدىغان قېرىنداشلىرىنىڭ ماڭا قارىغاندىكى ھېسسىياتىمۇ رەڭگىنى ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدىغان ئۆيىمىزنىڭ ياغاچ ئىشىكىگە قارىغاندىكى ھېسسىياتىغا ئوخشاپ قالاتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ۋۇجۇدۇمغا يوشۇرۇنغان ئانامنى ئىزدىسە، يەنە بىر تەرەپتىن مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن دادامنىڭ سايىسىنى ئىزدەيتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگىلا مېنىڭ ئۆزىگە تونۇش بولغان بىر تەرىپىمنى قوبۇل قىلىپ، ناتونۇش بولغان يەنە بىر تەرىپىمنى ئۆزگەرتىپ باققۇسى كېلەتتى.

قەشقەردىن كەلگەن ئۇيغۇر كىچىك ئاپام چېچىمنى قىرىق سېكىلەك قىلىپ ئۆرۈپ قويۇۋېدى، مومامنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمىغاچقا، ئاپامنىڭ سىڭلىسى شۇ ھامانلا چۇۋۇۋەتتى. دادام ماشىنچىغا تىككۈزۈپ بەرگەن ئۇزۇن كۆڭلەكنى مومام كۆرۈپلا ئوچاققا تاشلىۋەتتى، مەن ئاپامنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئۇزۇن چاپان، ئۇزۇن ئىشتىنىنى ئالماشتۇرۇپ كىيىشكە مەجبۇر بولدۇم. شۇنىڭدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، مەن كۆڭلەك بىلەن خوشلاشقىلى نەچچە ئون يىل بوپتۇ. بۇ ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىشنى ئاساس قىلىدىغان ئۇيغۇر قىزىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇزاق مۇددەت ئىككى مىللەت ئارىسىدا سىقىلىپ ياشاۋاتقان ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان تەبىئىي، نورمال ئەھۋال ئىدى. مېنىڭ ئاتا - ئانام بىلەن دىنىي ئېتىقادىم ئوخشاش، تۇرمۇش ئادىتىم ۋە پەرھىزلىرىم تامامەن ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق مەن خۇيزۇ ئاپام ۋە ئۇيغۇر دادام بىلەن بىر ئۆمۈر ياشاپ كەلدىم، بىرەر قېتىممۇ يوپكا كىيىپ باقمىدىم. ھەرخىل ئۆرپ - ئادەتلەر گىرەلەشكەن، ئۆزئارا سىڭىشكەن ياكى تىركەشكەن مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا مەن ئاستا - ئاستا ئانام بىلەن مومام، دادام بىلەن ھامامام ھەممىسىگىلا مېنىڭ يەنە بىر تەرەپنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئۆز مىللىي غۇرۇرىنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياخشى قوغدىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا بىر بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا تۈرلۈك نامەلۇم يوشۇرۇن سىقىلىشلاردىن خالىي بولمىقى تەس. ئۇيغۇر دادا، خۇيزۇ ئانا، قازاق قوشنا، خەنزۇ مۇئەللىم... لەر ماڭا ئوخشاش بولمىغان تىل، ئوخشاش بولمىغان يېزىق، ئوخشاش بولمىغان ئۆرپ - ئادەتلەرنى سىڭدۈردى. ئائىلىدە ئاتا - ئانام ۋە قېرىنداشلىرىم «قۇرئان كەرىم»نى قايسى تەلەپپۇزدا ئوقۇش ھەققىدە ئايىغى چىقماس جەڭگى - جېدەلگە پاتاتتى. مومام ماڭا تيەنشۈينىڭ جاڭجياچۈەن تەلەپپۇزىدىكى خۇيزۇچە «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىشنى ئۆگەتسە، دادام توختىماستىن ئۆلچەملىك ئەرەب تەلەپپۇزى ۋە ئاھاڭى بويىچە تۈزىتىپ ئوقۇشقا دەۋەت قىلاتتى. ئەمما، مومامنىڭ تەلەپپۇزى قەتئىي ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئۆلگىدەك، ئەينەن ئېسىمدە قالاتتى.

مەن بۇنىڭ مەدەنىيەت ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتىم، بالا بولۇش سۈپىتىم بىلەن كىمنىڭكىنى ئاڭلىشىم كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم. چوڭلار دائىم ئۆز گېپىنى يورغىلىتاتتى، مەن ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئالدىدىكىسىگە بىر خىل، كەينىدىكىسىگە يەنە بىر خىل ئوقۇپ بېرەتتىم. ئوخشىمىغان تىللار ئارىسىدا ھەتتا مېنىڭ ئىسمىممۇ توختىماي ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ئوخشىمىغان ۋاقىتتا ئوخشىمىغان مىللەتلەر مېنىڭ ئىسمىمنى ئوخشىمىغان نام بىلەن چاقىراتتى. خۇيزۇلارنىڭ «پاتۇمە» دەپ ئاتىشىدىن قازاقلارنىڭ «بادىما» دەپ چاقىرىشىغىچە، يەنە خەنزۇلارنىڭ «لى يىڭلەن» دەپ ئاتىشىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ «پاتىگۈل» دەپ چاقىرىشىغىچە بولغان جەريانلاردا، ھەرخىل مىللەتلەر ئارىسىدا توختاۋسىز ئېقىپ يۈرگەن مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا ئوخشىمىغان مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئىز - تامغىلىرى بېسىلغانىدى. مېنىڭ بىلىش جەريانىمنىڭ ھەممىلا يېرى سان - ساناقسىز ئۆچۈرگۈچ ئىزلىرى بىلەن تولغانىدى. مېنىڭ ئازادىلىككە بولغان تەلپۈنۈشۈم ئېھتىمال بالىلىق دەۋرىمدىكى بىردىنبىر ئارزۇيۇم بولسا كېرەك. بۇ ئارزۇيۇم كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا سىقىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. چەكسىز غۇۋالىققا پېتىپ، ئېسەنكىرەشتىن قۇتۇلمىقى بەسى مۈشكۈل بولغان ماڭا نىسبەتەن شۇ چاغلاردا قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. ئاخىر تونۇپ يەتتىمكى، غۇۋا سېلىشتۇرۇلمىلار ئىچىدە تەبىئىي قوبۇل قىلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسى تۇغما گېندا بار بولغان يېقىنچىلىق ۋە

تونۇش سەزگۈسىگە تەۋە نەرسىلەر ئىكەن.

2

ئائىلىمىزدە ئاۋۋال تۇغۇلغان ئۈچ قېرىندىشىمىز ناھايىتى بەختلىك ھالدا ئۇيغۇر تىلىنى پۇختا ئۆگەندى. مېنىڭدىن باشلاپ ئىنىم، سىڭلىم خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، تۆتىنچى بالىدىن باشلاپ ئائىلىمىزنىڭ تىلى شاخلاشقا باشلىدى. ھەتتا دادامنىڭ قاتمال تىلىمۇ ھېچبىر كۈچىمەيلا تەبىئىي ھالدا بىزنىڭ راۋان ئورتاق تىلىمىزغا ماسلىشىپ كەتتى. تۆتىنچى قېرىندىشىمىز ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە تەرجىمانلىقنى ئۆگەندى، ئۇ ئائىلىمىزدىكى دادام شەخسەن ئۆز قولى بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئۇزىتىپ قويغان بىردىنبىر قېرىندىشىمىز ئىدى، دادام ئۇنىڭ كەسپىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ھەممىسى ساپ خەنزۇ تىلى قوللىناتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلىمىزدە ئىككى خىل تىل كۈچ تەڭلىشىپ قالدى. ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە تەرجىمانلىقنى ئۆگەنگەن ئىنىم كېيىن گۇاڭدۇڭنىڭ يەرلىك تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان بىر قىزنى ئالدى، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان سىڭلىم ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغان بىر شياڭگاڭلىققا ياتلىق بولدى، بىر ئېغىزمۇ ئۇيغۇرچە بىلمەيدىغان كىچىك ئىنىم ئىسمى جىسمىغا لايىق تىپىك ئۇيغۇر قىزىدىن بىرىگە ئۆيلەندى. بۇ ھەقىقەتەن تىل تەرتىپى قالايمىقانلىشىۋاتقان بىر دۇنيا، تىل ئادەملەرنىڭ تاللىشىغا ئۇلگۈرەلمىسە، سىز ئۆز تىلىڭىزنى باشقۇرۇشقىمۇ ئامالسىز قالىسىز - دە، تىللارنىڭ تاللىشىمۇ توختايدۇ. قارىغاندا كۇنسايىن ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان كۆپ مەنبەلىك دۇنياغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئادەملەر چوقۇم بىرقانچە خىل تىلدا تەربىيەلىنىشى جەمئىيەتنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى بولسا كېرەك.

دادام تەرىپىدىن خەنزۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىلگەن مەن ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزئالدىمغا دادامغا قارىتىپ بىر پارچە سالام خەتنىمۇ يازالمايمەن، شۇنى ئويلىساملا، كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولىدۇ. قارىماققا دادام مېنىڭ خەنزۇ تىلىنى خەنزۇلاردىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ياخشى ئۆگەنگەنلىكىمدىن غالىبلارچە پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە قارىتىپ يېزىپ بەرگەن بىر پارچە رۇخسەت سوراش خېتىم، مېنىڭ خەنزۇ تىلى ئارقىلىق ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن تۇنجى پايدام ئىدى. ئۆيىمىزدىكى ئات دادامنىڭ بارمىقىنى چىشلىۋالغاندىن كېيىن، يېرىم ئاي دەم ئالغان بولسىمۇ، جەرىمانە تۆلىمەسلىككە سەۋەب بولغان بۇ خەت ئادەتتىكى بىر پارچە ئاددىيلا خەت بولماستىن بەلكى، دادامنىڭ نەزىرىدە مەن يازغان تۇنجى «ئەڭ نادىر ئەسەر» ئىدى، دادام ھەتتا شۇ سەۋەبلىك قوشنىلار ئارىسىدا خېلى ئۇزاققىچە پۈتۈن كۈچى بىلەن توختىماي ماختانغانىدى. ئېھتىمال، ئۇ خېلى بۇرۇنقى شۇ مەزگىلدىلا ئاساسىي گەۋدە مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جەمئىيەت ئاساسىي گەۋدىسىگە سىڭىپ كىرىشىدىكى زور ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

كۆپ يىللاردىن كېيىن، دادامنىڭ ئېيتمىدىكى ئەينى يىللاردا يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن «خائىن»لىق ئوبرازى تۈپتىن يېمىرىلىپ، مەدەنىيەتلەرنىڭ قوشۇلۇش سەپىرىدىكى ئالدىن كۆرەر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىدەك ئوبرازى زورىيىپ، دادامغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇم قايتىدىن يېلىنجىدى. قەلبىمدە ساقلىنىپ قالغان غۇۋا جاراھەت ئىزلىرى ئۇنى ئاستا - ئاستا ماڭا تونۇتقانىدى: ياشلىق چاغلىرىدا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شىمالىي شىنجاڭغا كېلىشى، بەلكىم، ئۇنىڭ ھايات سەپىرىدىكى بىر جەريان بولۇپ، ئۇنىڭغا سىرتقا چىقىپ تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچراشماقچى بولسا، ئاۋۋال چوقۇم تىل ئۆتكىلىدىن ئىبارەت چەكلىمە ۋە توسالغۇدىن بۆسۈپ ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇرغان؛ ئۇ ئۆزى بىر ئۆمۈر ئىشقا ئاشۇرۇپ بولالمىغان بۇ بىر نۇقتىنى بىز بالىلىرىدىن باشلاپ قول سېلىپ ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

يۇرتۇمدىن ئايرىلىش ئالدىدا، مەن بەئەينى خەنزۇ، ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنىڭ ھەرخىل تىللىرى قورشاۋىدا قالغان توشقانغا ئايلىنىپ، مويلىرىمغا تۆرلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئارىلاشما رەڭلىك مۆھۈرى بېسىلغانىدى. جەنۇبىي جۇڭگوغا كەلگەندىن كېيىن، مەنمۇ تۆرلۈك يەرلىك مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ئۆز تىلىمغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۇرۇنۇپ باقتىم. ئېھتىمال، تۆرلۈك مەدەنىيەتلەر بىر يەرگە مۇجەسسەملەنگەندىلا، ئاندىن تىل مەدەنىيىتىنىڭ تاللىنىش يۇقىرى پەللىسىنى باشتىن كەچۈرگىلى، شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى قىممەتكە ئىگە جەمئىيەت ئۆلگىسى بولۇش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ياخشى ئوپېراتسىيە قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن.

مەن يىلتىزىمنى ئىزدەپ، ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىش، ۋۇ-

جۇدۇمدىكى ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ زادى قانداق نەرسىلەر ئى-
كەنلىكىنى بىلىپ بېقىش كۈچلۈك ئىستىكىدە ئىزدەندىم.
كىم ئويلىسۇن ئۇنىڭ شۇقەدەر ئاجايىپ - غارايىپ، شۇ
قەدەر سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى... بۇ ھەقتىكى
ئويلىرىم ئۆزۈمگە تولىمۇ جەلبكار بىلىنەتتى، مەن چۈشە-
نىشكە موھتاج ئىدىم، مەن نېمە ئۈچۈن ھەر كۈنى ئۆز-
گەرتىلىۋېرىمەن؟ مەن ئۆز ۋۇجۇدۇمغا نەزەر سالدىم:
ھەررەڭ - سەررەڭ ئۆتمۈ - تۆشۈكلەر، دەز - يېرىقلار،
جاراھەت ئىزلىرى، تىتما - تاللاڭ بولۇش، ئاچچىق
ئاغرىق، مۇكەممەلسىزلىك، نىشاندىن ئادىشىش، تېگىر-
قاش، شۈبھىلىنىش ۋە ئايغى چىقماس پىسخىكىلىق قالايمى-
قانچىلىقلار... بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي، تەبىئىي
ۋە روشەن ئىدى. مانا بۇ مەن — ئەبجەش مەدەنىيەت تە-
رىپىدىن يارىتىلغان ئۆزگىچە ئىنسان ئىدىم.

3

مەدەنىيەتنىڭ ئادەملەرنى تالىشىشى ئوخشاش بولمى-
غان ئىرق، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا يۈز
بېرىپلا قالماستىن يەنە ئوخشاش مىللەت، ئوخشاش رايون
ۋە ئوخشاش مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىمۇ، ئۆزئارا كۈچ سىنى-
شىش جەريانىدا قارشى تەرەپكە ئۆز مەپكۇرىسىنىڭ ئىز -
تامغىسىنى بېسىش ئۈچۈن تىركىشىش بولۇپ تۇرىدۇ. مەن
تۇرۇۋاتقان يۇياۋدا ئەتراپىمدىكى يۇياۋ ئەنئەنىمە چولپانلى-
رى ئارىسىدىمۇ بەزىلىرى شاڭخەي يەرلىك تىياتىرى،
جېجياڭ يەرلىك تىياتىرى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ
ئۇلارنى تالىشىشى ئالدىدا ئارىسالدى بولۇپ، تاللاشقا ئا-
مالسىز قالاتتى. ئادەملەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا قايسى خىل
مەدەنىيەت تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىپ كېتىلىشى، بەلكىم شۇ
خىل مەدەنىيەت مەزمۇنىنىڭ ئىچكى ماھىيىتى ۋە تارتىش
كۈچىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا باغلىق بولسا كېرەك.

كىچىك چېغىمدا ئۆرۈمە چېچىمنى مەجبۇرىي چۇۋۇۋەت-
كەن بوۋام، مومام ۋە كىچىك ھاممام نەچچە يىل ئىلگى-
رى ئارقا - ئارقىدىن تۈگەپ كەتتى. ھازىر ھايات تۇرۇۋات-
قان چوڭ ھاممام، ئۈچىنچى، تۆتىنچى ھاممام ۋە ئانا
تەرەپ نۇرغۇن تۇغقانلىرىم مېنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ
تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈمىدىمنى يوققا چىقاردى، بىراق يا-
شانغاندا يۇرتۇمغا قايتىپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى يۇرتۇمدا
ئۆتكۈزۈشنى ئويلىسام قەلبىم ئۈمىدكە تولىدۇ. ھايات ۋاق-
تىدا ئۇلار دادام بىلەن تۈرلۈك ئۇسۇل ۋە ئاماللار ئارقى-
لىق مېنى تالاشقانىدى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار مېنى يەنە بىر
خىل كۈچلۈك مۇھىت ئارقىلىق تارتىۋېلىشىنىڭ مۇمكىن ئە-
مەسلىكىنى بايقاپ، ئەڭ ئاخىرىدا مېنىڭ ئۇ دۇنيالىقىمنى
تالىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئۆز بەلگىسىنى سېلىش قارارىغا كەلگە-
نىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن، بۇ بەلكىم، باشقا بىر مەدەنىيەت
بىلەن يولدىن ئازغان قوزىچاقنى تالىشىش بولۇشى
مۇمكىن. بىراق، مەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يوشۇرۇن قاتلىمى-
دا بۇنى «ئانا يۇرتنىڭ مۇساپىر بولغان قىزنى تالىشىشى»
دەپ چۈشىنەتتىم.

تالىشىش — بىر خىل تۇغما قابىلىيەت، شۇنىڭدەك
ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتى. تالىشىش توختىماستىن يۈز بېرىپ
تۇرىدۇ، تارىخنىڭ ھەققانىيەتنى تالىشىشى، ھوقۇقنىڭ سۆز
ئەركىنلىكىنى تالىشىشى، تەبىئەتنىڭ مۇھىتنى تالىشىشى، ۋا-
قىتنىڭ ھاياتلىقنى تالىشىشى، نامەلۇم كەلگۈسىنىڭ ئىنسانى-
يەتنىڭ تەقدىرىنى تالىشىشى... تۈرلۈك مەدەنىيەت چەمبە-
رىكى ئەتراپىمىزنى قورشاپ، خۇددى ھاۋادىكى مىكرو
زەررىچىلەردەك تالىشىش مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقىرىشقا
ئۇرۇنىدۇ. بىراق، مەدەنىيەت تالىشىشى قولىمىزدىكى قو-
رالدەك ئۇنداق ئاددىي نەرسە ئەمەس، ئۇ ئالدى بىلەن
تىلنى ئىگىلەشتىن باشلىنىپ، ئاندىن تىل ئۇچىمىز، كۆزد-
مىز، كانىيىمىزنى ئىگىلەپ، تېنىمىزگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ،
ئارقىدىن تەم سەزگۈمىز، پۇراش سەزگۈمىزنى، ئۇلاپلا تە-
پەككۇرىمىز، روھىي دۇنيارىمىزنى ئىگىلەيدۇ. سىز بەلكىم
پۈتۈن جەريانىنى سەزمەسلىكىڭىز مۇمكىن، سەزگەن ھالەت-
تىمۇ چەكلەشكە ئامالىڭىز يوق. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كى-
شىلەرنىڭ كۈچلۈك مەدەنىيەتنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇ-
رۇشتىكى ئۇسۇلى — قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشتىنلا
ئىبارەت، خالاس.

ئېرىم قاچان قارىسىڭىز تېلېۋىزور ئېكرانى ئالدىدا
ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى كونىۋيى تېلېۋىزىيە تىياتىرلى-
رىنىڭ ھەر بىر قىسمىنى ئالا قويماي كۆرۈش بىلەن ئالدى-
راش. ئۇنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىغا قالتىس ئىشتىياقى بار،
ئۇ تۇرمۇشتىكى بارلىق يېڭى شەيئىلەرگە قارشى تۇرغىلى
تاس قالىدۇ. ئۇ تۈرلۈك ئىلاھلار ۋە تەڭداشسىز قەھرى-
مانلار توغرىسىدىكى تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تولۇق
قوبۇل قىلىپلا قالماي، يەنە مۇشۇنداق فىلىملەرنى كۆرۈش-
كە خۇشتار. ئۇ ھەتتا ئادەمنىڭ ساختا نەرسىلەرگە بولغان
ئەڭ ئەقەللىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويغىلىمۇ
تاسلا قالىدۇ، ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي قويۇۋېتىپ، بىرى
ئۇنى تېلېۋىزور ئالدىغا مىخلاپ قويغاندەك مىدىرماي ئول-

تۇرۇپ، قاتتىق بېرىلىپ كۆرىدۇ. مېنىڭ ئۇنى تونۇشقىنىم ياكى ئاخىرغىچە سەۋر قىلىپ ساقلىغىنىمدىن، ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كەتكىنىم ياخشىراق ئىدى. مېنى چۆچۈتكىنى ئۇ ئۆزى قىزىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ قايتا پەيدا بولمايدىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، مەستانىلەرچە بېرىلىپ، شۇلار ئالدىدا ئەقلىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاس قېلىشى ئىدى. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر تەرىپىدىن تولۇق بويسۇندۇرۇلغان بولۇپ، بۇ نەرسىلەر ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆز ئالقىنىغا ئېلىۋالغانىدى. ئۇ تەلتۆكۈس ئۆزى كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئۆزگىرىپ، ئۇلار بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، سىز بىلەن بىز ئۇلارنى ھەرگىز ئايرىۋېتەلمەيمىز. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پەرقلىق تەپەككۇر قىلىش دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، ھەتتا ئۇ نەرسىلەر ئېرىمنى باشقۇرۇپمۇ يۈرمەيدۇ، چۈنكى ئېرىم ئۇ نەرسىلەرگە ئاللىبۇرۇن باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىپ بولغان، بىراقلا ئۆزگىرىپ بۇ نەرسىلەرنىڭ سۈيىقەست پىلانلىغۇچىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن، بۇ نەرسىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۆزىنى باغلاپ بولغان، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ سافانىڭ كەينىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كاللىسى تېلېۋىزور ئالدىدىكى بىر نەزىر بۇيۇمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

ئېرىم ئوغلۇم بىلەن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر چاپاننى تالاشقاندا ياكى مەن بىلەن ئوخشاش ياخشى كۆرىدىغان بىرەر نەرسىنى تالاشقاندا دائىم تايىنى يوق بىر سەۋەبلەرنى كۆرسەتتى، كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتنى تالىشاتتى، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ئۇنىڭ كۆز نۇرى ۋە نۇرغۇن زېھنىنى يەپ كەتكەنىدى. بۇنداق كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مەنىۋى تالىشىشلار ئالدىدا ئۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مەردلەرچە بارلىقىنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ بېرەتتى. بىر خىل مەدەنىيەت شەكلىنىڭ بىر ئادەمگە نىسبەتەن بۇ قەدەر زور تەسىر كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئۆزىنى يوقىتىپ قويغۇدەك دەرىجىدە تەۋرىنىش پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز؟ بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى.

كىچىك چېغىمدا دادامنىڭ يىلقىلار توپىغا ئارىلىشىپ كەتسە، تونۇيالماي يۈتتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، داغمالنى قىزىتىپ، ئاتقا ئەن سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئات ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي، دادامنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالغانىدى. دادام قان تامچىپ تۇرغان بىگىز قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دەرغەزەپكە كېلىپ، تېرىسىگە داغمال يېقىلغانلىقتىن جان ئاچچىقىدا پۈتۈن بەدىنى غالىلداپ تىترەپ تۇرغان ئاتنى قامچا بىلەن قاتتىق ساۋاپ كەتكەنىدى. دادامنىڭ يارا ئېغىزى ئاستا - ئاستا پۈتۈپ ساقىيىپ كەتتى، بىراق ئات چىشلىۋالغان كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ مۇسكۇلى يىغىلىپ قېلىپ، ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ كېلەلمىدى. دادام زورلۇق كۈچكە تايىنىپ ئەن سالماقچى بولغان بىچارە ئات ئەكسىچە، ئۆز ئىگىسى بولغان دادامنىمۇ بەلگە سېلىپ قويغانىدى، بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى دادام خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. دادام بىر ئۆمۈر ئاتنى مىجەزى ئوسال، غەرەز ئۇقمايدۇ دەپ قارغاپ، سادىق، ۋاپادار، ئىتائەتچان قارا ئېشەكنى جاندىن ئەزىز كۆرۈپ كەلگەنىدى. ئۇ ئەڭ ياخشى ئوت - چۆپلەرنى ئېشەككە بېرەتتى، ئات ئىشنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى قىلىپ، ئوت - سامانىنىڭ ئەڭ ناچىرىنى يەيتتى، دادامنىڭ قامچىسىمۇ ئېشەككە قارىغاندا ئاتقا جىقراق تېگەتتى.

پەقەت ھاياتلىقلا ئەڭ دەسلەپ ئەن سېلىنغاندا بىئاراملىق، ئاغرىق ۋە ماسلىشالماسلىق تۇيغۇسىدا بولىدۇ، بەزىلەرگە ھەتتا كۈچلۈك رېئاكسىيە قىلىپ، تەتۈر ئىندۇكسىيە پەيدا قىلىپ، جېنىدىن ئايرىلىپمۇ قالىدۇ. ھەرقانداق نەرسىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىش ۋە ئۆزئارا بەلگە سېلىش جەريانىدا قارشىلىشىش، تارتىشىش، ئۈزۈلۈش، تالىشىشلاردىن كېيىنكى ئۆزگىرىش نەتىجىسى يا ئۇنداقلا، يا بۇنداقلا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىش بولسۇن ياكى ئۆزئارا قوشۇلۇش بولسۇن، بۇ دۇنيادىكى ئىككى خىل شەيئىنىڭ تامامەن بۆلۈنۈپ كېتىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، ئەڭ ئاخىرىدا ھەرخىل ئىزلار چەك - چېگراسى مۇجمەل، پەرق ئېتىش قىيىن بولغان نەرسىلەرگە ئايلىنىدۇ، سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا مەن، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا سىز بولىسىز. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇچرىشىش — قوشۇلۇشنىڭ باشلىنىشى. ئاغرىق بولسا بىزنىڭ تالىشىش ۋە بەلگە سېلىش ئۈچۈن ئۆزئارا تۆلىگەن بەدەللىرىمىزدۇر. ھەرقانداق بىر مەدەنىيەتنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بەلكىم كۆرەش ئىچىدە بايقالغان، تەھلىل قىلىنغان، سېلىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشقا ئاشقان، ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئۆزلۈكىدىن ئاسانلا قولغا كېلىپ قالمىغان بولۇشى مۇمكىن.

4

ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈكتە بازار ئايلىنىۋېتىپ، ئانار

سۈيى سىقىپ چىقىرىپ سېتىۋاتقان بىر ئۇيغۇر مومايدىن خەنزۇ تىلىدا: «ئانار سۈيىنىڭ بىر ئىستاكانىنى قانچە پۇلدىن ساتىدىلا؟» دەپ سورىغانىدىم، موماي كۆل رەڭ يېشىل كۆزلىرى بىلەن بېشىمدىن پۇتۇمنىڭ ئۇچىغىچە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىرىماي تۇرۇپ مەندىن: «سىز ئوپئوچۇق ئۇيغۇر تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا ماڭا خەنزۇ تىلىدا گەپ قىلىسىز؟» دەپ ياندۇرۇپ سورىدى. مەن ئۇنى مېنىڭ ئۆزى بىلەن بىر مىللەت ئىكەنلىكىمنى بىلەلمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. مەن تېخى بايىلا جەنۇبىي جۇڭگودىن قايتىپ كەلگەن تۇرسام، ئۇستىباشلىرىمغىمۇ جەنۇبىي جۇڭگوچە كىيىنىۋالغان تۇرسام، مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىممۇ 20 نەچچە يىل ئىچكىرىدە تۇرۇش جەريانىدا سۇسلاپ كەتكەن تۇرسا، يەنە قانداقسىگە مىللىي سالاھىيىتىمنىڭ بۇنچە تېز ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي، ھەيرانلىق ئارىلاش، ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدىم. ئويلىمىغان ئىدىمكى، بىر مىللەتتىن بولغان بۇ موماي بىر ئېغىز سوئال سوراش بىلەنلا مېنىڭ شۇنچە يىللاردىن بۇيان مانايىقىپ يۈرگەن مىللىي كىملىكىمنى يېڭىباشتىن ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ ئەكىلىپ بەرگەنىدى. مەن موماينىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېتىپ، گويا توساتتىنلا بىر ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغاندەك، مۇشۇ زېمىن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئۆزۈمنى قايتىدىن ئېنىق كۆرۈۋاتقاندەك بولدۇم.

جەنۇبىي جۇڭگودا ياشىغان 20 يىل جەريانىدا، قانداقتۇر بىر قولنىڭ ھەركۈنى ماڭا تۈزىتىش كىرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇش ئىزلىرىمنى ئۆچۈرۈۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك، توختىماستىن ماڭا يېڭى تامغا بېسىپ، بەلگە سېلىۋاتقانلىقىنى ئەسلا ھېس قىلالمىغانىدىم؛ ئۆزۈمدە ئەسلىدىن بار بولغان تاشقى ئالاھىدىلىك ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىمنى كىمنىڭ تۇيدۇرماي ئوغرىلاپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە ئوغرىلىقچە ئالماشتۇرۇۋەتكەنلىكىنىمۇ كۆرەلمەيتتىم؛ ھەتتا ئۆزۈممۇ روشەن بەلگىلىرىم ۋە ئەسلىي قىياپىتىمنىڭ ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى قىلچە سەزمەيتتىم. مىللىي ئورتاقلىقىمنى يوقىتىشىم ۋە كىچىكىمدىن ئەنە شۇنداق مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئۇزۇق ئېلىشىم مېنىڭ تىل سىستېمامدىمۇ بىلىندۇرمەي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان ئىدى.

جەنۇبىي جۇڭگودا 20 يىل ياشىغاندىن كېيىن، مەن بېرىنچى بولۇپ قەشقەرگە كەلدىم. دادامنىڭ يۇرتىدىكى كەنتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇرلار مەھەللىسى ئىدى. مەن قوي قوتىنىنىڭ پاكار تېمى يېنىدا تۇرۇپ، نەۋرە ئاكامنىڭ قىزىغا خەنزۇ تىلىدا: «بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرىنىڭ قانچىنچى يىللىقىغا چىقتىڭىز؟» دەپ ئەمدىلا گەپ باشلىشىمغا، توساتتىن، ئۇنىڭ ھەيرانلىقتىن چۆچۈگەن قوي كۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قورقۇۋاتقاندەك بىر خىل ئىپادىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن ئەسلىدە ئىستىخىيەلىك ھالدا خەنزۇ تىلىدا سۆزلەپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ئۇنى چۆچۈتىۋەتكەنىدىم. مەن شۇ ھامان خەنزۇچە سۆزلەشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن تىلىمنى دەرھال يىغىشتۇرۇپ، ئىنكاسىمنى ئۇيغۇرچىغا توغرىلىدىم - دە، قورقۇنچى تېخىچە بېسىلمىغان قىزچاققا قاراپ ئۇيغۇر تىلىدا بايىقى سوئالىمنى قايتا تەكرارلىدىم.

ئۇ مەن بىلەن بىر تىلنى تالىشىۋاتاتتى، قەشقەرنىڭ بۇ خىل كىچىك تىل مۇھىتى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەنىدى. بۇ يەرنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئەركىن بولالماسلىقتەك تىل مۇھىتى بىلەن مېنىڭ جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئانا تىلىدا ئەركىن بولالماسلىقىمدەك تىل مۇھىتىم تامامەن ئوخشاشلىققا ئىگە ئىدى. كۆڭلۈمنى غەش قىلغىنى، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدىكى خەنزۇ تىلى بىلمەيدىغان قىزلارغا بولغان ئەپسۇسلىنىش بىلەن ساپ خەنزۇ تىلى مۇھىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان ئۆزۈمنىڭ ئانا تىلىدا چېكىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمغا بولغان ئۆزۈمنى ئەيىبلەش ئىدى.

كېيىن، مەن جىيەن قىزىم بىلەن قوي قوتىنىنىڭ يېنىدىكى پاكار تامنىڭ تۈۋىدە ئاستا - ئاستا پاراڭغا كىرىشتىم. ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي مەنىلا سۆزلەۋاتاتتىم، ئوخشاش بىر جۈملىنى بىر قېتىم ئۇيغۇرچە، يەنە بىر قېتىم خەنزۇچە قىلىپ ئىككى قېتىمدىن سۆزلەيتتىم. توغرىسىنى ئېيتقاندا، مەن ئۆزۈمنىڭ خەنزۇچە دېگەن گېپىمنى يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقاتتىم. جىيەن قىزىم پەقەت مېنىڭ سورىغان سوئالىمغا كۆزلىرى ئارقىلىق جاۋاب بېرىش بىلەنلا چەكلىنەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئاغرىنىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئىشارىلىرى ماڭا ھەممىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بۇ گەرچە دادامنىڭ يۇرتى بولسىمۇ، مەن بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنمەن، قانداقلا بولمىسۇن پەقەتلا مېھمان، شۇڭا بۇ يەرنىڭ تىل ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشىم كېرەك ئىدى. جىيەن قىزىمنىڭ مۇلايىم، ئەمما گۇمانغا تولغان كۆزلىرىدىن بىر كىچىك قەتئىيلىك، تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ ۋە قارشىلىشىش ھەم مېنى ئۆزىنىڭ تىل مۇھىتىغا سۆرەپ كىرىشكە غىڭ قىلدۇرماسلىق خاھىشى

چىقىپ تۇراتتى. شۇ چاغدىكى ئۈنىڭ ماڭا قارىشى بەئەينى دەريا بويىدىكى بىر پۇتى قىرغاقتا دەسسەكلىك، يەنە بىر پۇتى سۇغا چىلاقلىق، دەسسەيدىغان مۇنتىزىم ئورنى يوق ئادەمگە قارىغاندىكى ھالەتكە ئوخشايتتى. ئۈنىڭ گويا كۆز نۇرى ئارقىلىق ئاشۇ سۇغا چىلىشىپ تۇرغان پۇتنى قۇتقۇزۇۋالالايدىغاندەك ياكى پۇت ئاستىدىكى شىددەتلىك كەلكۈننى ئېقىتىپ كېتەلەيدىغاندەك بۇنداق جىددىيلىشىشى مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى. مەن يول قويۇش ئاساسىدا ئۈنىڭ بىلەن ئارىمىزدىكى تىل تالىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن چۈشەنمەي تۇرۇپ قوبۇل قىلىش بېسىمىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئالمىسام ۋە قوغدىمىسام بولمايتتى.

مەن يېڭىباشتىن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكە ئۆتكەن چېغىمدا، ئۇ گويا مېنى خەتەرلىك ئېقىندىن قۇتقۇزۇپ قىرغاققا ئېلىپ چىقىۋالدەك ناھايىتى خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. مېنىڭ خەنزۇچە سۆزلەشتىن چېكىنىپ، ئۇيغۇرچە سۆزلىشىشكە قايتقان تىلىم ئۆزۈمگە بىرئاز قاتمال ۋە تەبىئىي ئەمەستەك بىلىنەتتى. مەن ئۆيلىش ۋە ناماقۇللۇق بېسىمى ئاستىدا ئۈنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ۋۇجۇدۇمدىكى باشقا بىر رايوندىن كەلگەن باشقا بىر مەدەنىيەتنىڭ بەلگىلىرىنى يوشۇرۇشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتتىم. بۇلار ئۈنىڭغا نىسبەتەن تامامەن ناتونۇش ئىزلار بولۇپ، ئۈنىڭ بىغۇبار نۇرلۇق كۆزلىرىدىن قانداقمۇ قېچىپ قۇتۇلالىسۇن دەيسىز؟

قەشقەردىكى جىيەن قىزىم بىلەن ئارىمىزدا يۈز بەرگەن تىل تالىشىشى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ساۋەن ناھىيەسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان جىيەن ئوغلۇم باھادىرنىڭ قوش تىل مەكتىپىدىن خەنزۇ مەكتەپكە ئالماشقاندىكى تالاش ـ تارتىشلارنى ئېسىمگە سالدى. ئىككى خىل تىل بىر تىل ئۇچىنى ـ بىر ئېغىزنى تالىشىۋاتاتتى. باھادىر ئىككى خىل تىل ئارىسىدا ئىككىلىنىپ، بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئانا تىلىغا قىيالمايۋاتاتتى، ئۆزىگە تونۇش بولغان مۇھىتقا ــ بۇنىڭدىنمۇ تونۇش بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان شارائىتقا تارتىشىۋاتاتتى. خەنزۇ مەكتەپكە كىردى دېگەن گەپ، ئۈنىڭ ئەسلىدىكى تونۇش بولغان مۇھىتىدىكى بارلىق نەرسىلەر پۈتۈنلەي ئورۇن ئالماشتى دېگەندىن دېرەك بېرەتتى. ئوقۇتقۇچىلىرى، ساۋاقداشلىرى، ھەمراھلىرى، بارلىق سىرتقى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممىسى تىلىنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ پۈتۈنلەي ئۆزگىرەتتى. ئۇ پەقەت بىر مەكتەپنىلا ئالماشتۇرۇپ قالماستىن، بەلكى بىر تىل دۇنياسىنى ئالماشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ زەربىسى ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلغان ئىدى.

ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدا ئۈنىڭ خەنزۇ مەكتەپ ياكى ئۇيغۇر مەكتەپنى تاللىشى ھەققىدە توختىماستىن تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتاتتى. باھادىرنى ياقلايدىغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ ئىككى خىل پىكرىنى مۇرەسسە قىلىشقا قۇربىتى يەتمەيتتى. مەن بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققان بىر گۇناھسىز بالىنىڭ قەلب تەشۋىشى ۋە ئىچكى ئازابلىرىنى تولىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايتتىم.

باھادىر مېنىڭ جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئۆيۈمگە كەلگەن چاغدا خەنزۇ تىلى ئۈنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ۋاقىتىنچە ئىگىلىگەن ئىدى. كۆپ چاغلاردا ئۇ ماڭا ئۇيغۇرچە سۆزلەيتتى، ئارقىدىن ئۇ ئانا تىلىدىن ناھايىتى تەستە خەنزۇ تىلىغا ئۆزلىشىشكە باشلىغان قاتمال تىلى بىلەن قويۇق شىنجاڭ تەلەپپۇزىدىكى خەنزۇ تىلىدا ئوغلۇم ئىككىمىز بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئۇ ئوغۇل ـ قىزلىرىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ئارىلىقتا مەن ئۇنى قىينىلىپ تۇرۇپ ئاران دەۋاتقان خەنزۇچە گېپىدىن پات ـ پات توختىتىپ، تەلەپپۇزىدىكى خاتالىقلارنى ئېرىنمەي تۈزىتەتتىم.

قىزىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ تىللىرى خەنزۇ تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلى تەرىپىدىن تامامەن ئىگىلىنىپ بولغانىدى. ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنى پەقەتلا بىلمەيتتى. ئېھتىمال، مېنىڭ ئېرسىيىتىمگە تەۋە بولغان ئاشۇ تىلغا بولغان سەزگۈرلۈك ۋە تۇغما تالانت ئۇلارنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە قولايلىقلار ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن باھادىردا باشقا بىر خىل تىلنى ئۆگىنىۋاتقاندا، گويا ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋاتقاندىكىدەك ساپ قەزىقىشنىڭ بولۇشىنى سەممىي ۋە دوستانىلىق بىلەن ئۈمىد قىلاتتىم. باھادىر خۇددى مېنىڭ تىلىمغا قوقاق چىقىپ قالغاندەك ياكى ئۆزىنىڭ تەلەپپۇزىدا بىرەر مەسىلە كۆرۈلگەندەك پات ـ پات ماڭا تەشۋىشلىنىپ قاراپ قوياتتى. مەنمۇ كۆڭلۈمدە ئۈنىڭ مېنىڭ ئانا تىلدىكى ئەھۋالىمغا بولغان ھېسداشلىقىنى قوبۇل قىلاتتىم. ئۈنىڭ بىلەن ئانا تىلدا پىكىر ئالماشتۇرغاندا، مەنمۇ پات ـ پات توختاپ، خەنزۇچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ، ئۇيغۇرچە ئىپادىلىيەلمىگەن جايلىرىمنى تولۇقلايتتىم ياكى بەزى ئۇيغۇرچە سۆز-

لەرنى ئۇنىڭدىن سورايتتىم. ئۇزاق مەزگىل ئىچكىرىدە تۇرمۇش كەچۈرۈش سەۋەبىدىن، مېنىڭ ئانا تىل سەۋىيەم چېكىنىشكە باشلىغانىدى. ئەسلىدە ئاغزىمنى ئاچساملا تىلىم كېلىدىغان بەزى ئۇيغۇرچە سۆزلەر تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپلا يوقاپ كېتىپ، ئاغزىمدىن كەمتۈك بىر گەپ بولۇپ چىقاتتى.

مەن خەنزۇ تىلىنىڭ ياردىمى بولسا تېخىمۇ توغرا ئىپادىلىيەلەيمەن، دەپ قارايتتىم. بۇ مېنىڭ ئانا تىلنى قوللىنىشتا ئادەتلىنىپ قالغان ئۇسۇلۇم ئىدى. بىراق، مەن باھادىرنىڭ توغرا بولمىغان تەلەپپۇزىنى ئېرىنمەي تۈزەتكىنىمەدەك، ئۇمۇ مېنىڭ ئانا تىلدا قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىمنى توختىماي تۈزىتەتتى. ئۇ مېنىڭ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىپادىلەش ئۇسۇلۇمنى توغرا تاپماي، مېنىڭ ئانا تىلدىكى چالا گەپلىرىم، خاتا ئىنتوناتسىيەم، بىردەم داۋام قىلىپ، بىردەم ئۈزۈلۈپ قالىدىغان كالتە جۈملىلىرىم ۋە بېشىنى دەپ ئاخىرىنى دېيەلمىگەن كەمتۈك سۆزلىرىمنى ئەيمەنمەستىن توختىماي مازاق قىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ پۈتۈنلەي ئۇستازلىقنى ئىگىلىگەن بولاتتى. ئۇ ساپ، نۇقسانسىز ئانا تىلدا بىرلا سۆزلىگىنىچە، مېنىڭ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان ئەبجەش گەپلىرىمنى تۈگەشتۈرۈپ، ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋېتەتتى. ساپ ئانا تىلىدىن پەخىرلىنىپ، خۇشاللىقىدىن مەست بولۇپ كەتكەن شۇ مىنۇتلاردا ئۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئانا تىلدا قىلغان بۇ تاتلىق گەپلىرىنى مەن ياشاۋاتقان مۇشۇ مۇھىتتا بىر مەندىن باشقا، ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى ئەسلا ئويلاپ يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

5

مېنى كىچىكىمدىن باشلاپلا ھەرخىل تىللار قوغلىشىپ كەلدى، خۇددى بۇ بىر خىل قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تەقدىر ـ قىسمەتتەك. دادامنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئانامنىڭ گەنسۇ تەلەپپۇزىدىكى خۇيزۇ تىلى ئارىلىشىپ، باللىقىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئاڭلاش سېزىمىمنى ئىگىلىگەنىدى. ئەمدىلا تىلىم چىققان مەزگىلىمدە، قوشنىلارنىڭ قازاقچە تىلىنىڭ زىچ قورشاۋىدا قالغانىدىم. مەن قازاق تىلىغا تايىنىپ، قوشنىلارنىڭ باللىرى بىلەن بىللە ئات مىنىش، قوي بېقىش، سۈت سېغىشتەك چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەنىدىم. مېنىڭ يۇمران تىلىم قازاقلارنىڭ قۇرۇت، قايماق ۋە يېڭى بوغۇرساقلىرىنىڭ تەمىگە ئامراق بولۇپ قالغانىدى. تۆلىگەن بىردىنبىر بەدىلىم تىلىم قازاقچىغا كەتكەن بولۇپ، قازاقلار ماختايدىغان تىترەڭگۈ تاۋۇشقا بەكرەك ماسلىشىپ كەتكەنىدى. قازاقچە تىلىم خۇددى ئەتكەن چاينىڭ يۈزىدىكى قايماقتەك شۇنچە يېقىشلىق، ئويناق ۋە راۋان چىققانىدى. كېيىنچە، ھەتتا چىنىدىكى كوچا ئاشنىڭ بۇغداي، قونىقنى ئايرىپ، تەمىدىن ئايرىم ھۇزۇرلانغىنىدەك، قازاقلارنىڭ كىرەي، نايمان، ئۇۋاق قەبىلىلىرىنىڭ يەرلەك شىۋىلىرىگىچە ئېنىق ئايرىيالايدىغان بولغانىدىم.

ئالىي مەكتەپتىكى شىنجاڭ سىنىپىمىزدا ئون نەچچە مىللەتتىن بولغان 40 نەچچە ئوقۇغۇچى بار ئىدى، ساۋاقداشلار بىردەم قازاقچە سۆزلىسە، بىردەم ئۇيغۇرچە سۆزلەيتتى؛ بىر دەم خەنزۇچە سۆزلىسە، بىردەم موڭغۇلچە ياكى رۇسچە سۆزلىشەتتى. تىللارنىڭ ئالمىشىشى ناھايىتى تېز بولۇپ، سىرتتىكىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالا ـ چەكمەن قىلىۋېتەتتى. مېنىڭ تىلىم بۇ يەرگە كېلىپ تولۇق راھەتلىنىپ قالغانىدى. بۇنداق بىر ئالاھىدە كوللېكتىپ مۇھىتىدا، ھېچقانداق بىر تىلنىڭ تۇرمۇشتا مۇتلەق ئۇستۇنلۇكى يوقتەك، كۆپچىلىك ھەممە مىللەتنىڭ تىللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىپ، ھەممە مىللەتلەرنىڭ تىللىرى گىرەلىشىپ كەتكەن «ئالاھىدە بىر تىل»دا بىرلىكتە قىزغىن پاراڭلىشاتتۇق. قايسىبىر خەنزۇچە تاق سۆز باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىغا ئارىلىشىپ قالسا، سۆزلەپ بولۇپلا: «ۋوي، بۇ زادى قايسى تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولغىيتتى؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆزۈممۇ ھەيران قالاتتىم. ئەگەر بۇنداق مۇھىتتا بىرقانچە يىل ئۇزاقراق تۇرساق، بەلكىم، خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بىر تىل سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغلاردا، سىنىپتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى چاسا خەت بىلەن يېزىلغان مۇھەببەت خېتىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىشتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئائىلىسىگىمۇ ئىمكانقەدەر ئۆز تىلىدا خەت يازاتتى. ھازىر ئويلىسام، ئەگەر ئۇلار جەنۇبىي جۇڭگودا ياشىغان بولسا، خەنزۇ تىلى دېڭىزىغا كىرىشتىن ساقلىنالمىغان بولاتتى. ئەگەر يەنە ئۆزىنى قاچۇرسا، بەلكىم بىرقەدەممۇ ئالغا باسالماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

بىر رايوندا بىر خىل تىل زىمىنىسىگە ئالغان مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىنى بەزىدە شۇ رايوندا شۇ تىلنى

ئىشلىتىدىغان ئادەمنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە باغلىق دېگىلى بولمايدۇ. قازاقىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگراسىغا يېقىن جايلاشقان چۆچەك شەھرىدە قازاق تىلى مېنىڭ چارۋىچىلىق رايونىغا كىرىشتىكى «يول يۈرۈش ئىجازەتنامەم» بولدى. مەن قازاق تىلىنىڭ بۇ يەردە خەنزۇ تىلىدىنلا قالسا، «ئىككىنچى ئورتاق تىل»غا ئايلىناي دەپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. ھەتتا ئورۇس، تاجىك، تاتار، شىبە، موڭغۇل، ئۆزبېك، قىرغىز، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى قازاق تىلىنى بىلىدىكەن. نۇرغۇن خەنزۇ باللار قازاقچە مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدىكەن.

ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرىدا تىل - يېزىقتىكى «تىل» دېگەن بۇ سۆز ئېغىزدىكى «تىل» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. «بىرەر تىل - يېزىقنى بىلەمسەن؟» دېگەننى «بىرەر مىللەتنىڭ تىلىنى بىلەمسەن؟» دەپ ئاتىشىدۇ. كۆپ خىل تىلنى بىلىدىغان ئادەمنى «بۇنىڭ ئىنچىكە تىلى تولا» دېيىشىدۇ. چۆچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىككى تىلىمنى - قازاقچە تىلىم بىلەن ئۇيغۇرچە تىلىمنى يىغىشتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. گۇاڭدۇڭ، خېنەن، شاڭخەي، نىڭبولارنىڭ يەرلىك تىللىرى يول بويى پىكرىمنى قالايمىقان قىلاتتى، مەن ئورتاق تىل بىلەن ھەممە يەرنى قاپلىغان يەرلىك تىللار كەلكۈنىدىن بۆسۈپ ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن جىمجىت ئولتۇرۇپ، مېنىڭ پەخىرلىنىش ھېس قىلىدىغان ھېلىقى ئىككى تىلىمنىڭ گويا تېيىز كۆل سۈيىدە توختاپ قالغان ئىككى قېيىققا ئوخشاپ قالغانلىقىنى، تېخىمۇ كەڭ دېڭىز - ئوكيانلارغا شۇڭغۇپ كىرەلىشىنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىم.

دەسلەپتە جەنۇبىي جۇڭگوغا كەلگەندە، مېنىڭ تىلىم ياۋجياڭ دەرياسىغا ئوخشاش كەڭ ھەم ئۇزۇن يۇياۋ يەرلىك تىلى دېڭىزىدا لايخور بېلىقنىڭ تىرجىنىدەك جان تارتىشىپ، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغانىدىم. «بەش چاقىرىمدا بىر يەرلىك ئادىتى، ئون چاقىرىمدا بىر يەرلىك تىلى بار» يۇياۋ شەھرىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىغا چۈشكەندە، مېنىڭ ئورتاق تىلغا تايىنىپ ئۆزۈمنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇزالىشىم ئەسلا مۇمكىن بولمىدى. يېرىم يىلدەك يەرلىك تىللار بىلەن قارشىلىشىش مېنى تىلىمدىن، قۇلىقىمدىن كەتكۈزگەنىدى. مەن تىلى باغلانغان بىر ئادەمگە ئايلانغانىدىم. ئۆز تىلىمنى پۇت - قولۇمنى باغلىغاندەك باغلىۋېلىپ، بىر قەدەممۇ ئالغا باسالمايۋاتاتتىم. يەرلىك تىللار تىلىمغا توسقۇنلۇق قىلىپ، سىرتقى دۇنياغا تۇتىشىدىغان مەنىۋى يولۇمنىمۇ ئۈزۈۋپ تاشلىغانىدى. مەن بىر گاس - گاچىغا ئايلانغانىدىم. كېيىنچە، باشقىلارغا ئۆزۈمنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاددىي يەرلىك تىللاردىن باشلاپ ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، ئاستا - ئاستا ئۆز تىلىمنى قۇتقۇزۇۋالدىم.

بىر تىلنىڭ كۆپىيىشى بىر ئادەمنىڭ پىكىر قىلىش دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىدۇ، بۇ زىيان تارتىش بولماستىن، بەلكى، بىر خىل ئارتۇقچىلىق. تىل مەنىۋى جەھەتتە ئالغا بېسىشقا ياردەم بېرىدىغان بىر خىل ئۈنۈملۈك يول بولۇپ، ئۇ سىزنى سىرتقى دۇنياغا باشلاپ بېرىپ، ئەدىيەڭىزنى تېخىمۇ يىراق كەلگۈسىگە تۇتاشتۇرىدۇ. خەنزۇ تىلىدا بۇنى «يولغا چىقىش» دەيمىز. يولغا چىقىش نېمىدېگەن مۇھىم - ھە؟!... ھەتتا ئۇ سىزنىڭ ھايات - ماماتىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش.


— بۇ ئەسەر «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2014 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. «2014 - يىللىق خەلق ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» ۋە «2014 - يىللىق جۇڭگو نەسرچىلىكىدىكى ئەڭ نادىر ئەسەر» مۇكاپاتىغا نائىل بولغان.

يازغۇچى پاتىگۈل ئىبراھىم 1965 - يىلى 8 - ئايدا ساۋەن ناھىيەسىنىڭ كونا ساۋەن بازىرىدا تۇغۇلغان، لەنجۇ سودا ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن، جېجياڭ ئۆلكىسى يۇياۋ شەھىرى «يۇياۋ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇخبىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ھازىر كۇچا ناھىيەسىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئۇنىڭ «يۈز يىللىق قانداشلىق» ناملىق رومانى؛ «غايىپ بولغان ئانا»، «يۇرت ئەستىلىكى»، «قوزىچاق ئىككىمىزنىڭ مەخپىيىتى»، «شالغۇتلار كەنتى»، «سېغىنىشنىڭ كۈچى» قاتارلىق نەسر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. «خەلق گېزىتى»دە 500 مىڭ خەتتىن ئارتۇق ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. «دورامچىنىڭ تۇرمۇشى» ناملىق نەسرى 2012 - يىللىق «خەلق ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»غا، «نەسرلەردىن تاللانما» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 2012 - يىللىق «جۇڭگو تىلىدىكى ئەڭ نادىر ئەدەبىي ئەسەر» مۇكاپاتىغا، مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئەينىيەت نەسرچىلىكى (在场主义散文) ئىجادىيەت مۇكاپاتى (2012 - يىل)نىڭ شىنرۇي مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «سېغىنىشنىڭ كۈچى» ناملىق نەسرى 2013 - يىللىق مەملىكەتلىك نەسر ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «تىللار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان تىل» ناملىق نەسرى 2014 - يىللىق «خەلق ئەدەبىياتى» مۇكاپاتىغا نائىل بولغان.

---

كۇچا ناھىيەلىك «قوش تىل» ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش مەركىزىدىن **ئەھەت داۋۇت** تەرجىمىسى



ئابلەت ئابدۇللا

# گۆھەر قاچىلانغان كېمە — «غۇرۇرنامە»

## — «غۇرۇرنامە»نى قايتا ئوقۇغاندىن كېيىنكى يېڭى تەسرات

تارىخىي مەلۇماتلاردىن خەۋىرى بولمىغان قەۋم كۆنلەپ ئەمەس، سائەتلەپ كەينىگە كېتىدۇ.

— رىزائىددىن پەخرىددىن

«مىللەتلەر» رەسىملىك ژۇرنىلىنىڭ ئالىي مۇخبىرى، «مىللەتلەر نەشرىياتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئەركىن ئابدۇقادىرنىڭ «غۇرۇرنامە» ناملىق كىتابىنى يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن قاتتىق سۆيۈندۈم ۋە ئاپتورنىڭ ئەجرى - ئەقىدىسىگە ئاپىرىن ئېيتتىم. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە تەپەككۇرۇمدا ئەجداد روھى پىرقىراپ ئىزتىراپلىق سوئاللارنى تۇغدۇردى: ئۇنىڭ بىر ئۇچى ئەجدادلارغا، بىر ئۇچى ھازىرقى ئەۋلادلارغا تۇتاشتى...

ئۆتمۈش كەتتى. ئۇنىڭ قان - ياش، ھەسرەت، پۇشايمان ۋە ئىبرەت بىلەن تولغان تەسىرى يەنىلا بىز بىلەن بىللە. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس سېھىرلىك ئېنېرگىيەسى بىلەن بىزنى ئويغۇتۇۋاتىدۇ، قوزغىتىۋاتىدۇ، جازلاندۇرىدۇ، ئويلاندۇرىدۇ، يېڭى تەپەككۇر، يېڭى نىشانغا ئۈندەيدۇ. بىز ئۇنىڭدىن يېڭى گۈزەللىك تاپىمىز. مىللىي تارىخىمىز — ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئىبرەت ئەينىكىدۇر. شۇنداقلا بىزنىڭ شانۇشەۋكەتلىك غۇرۇرنامەمىزدۇر. ئاپتور مۇشۇ ئىدىيەنى مەقسەت قىلغان ھالدا 20 يىلدىن ئوشۇق ئەجىر قىلىپ يازغان بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە تارىخىنى، نۇرلۇق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەۋاتقان، بىلىشكە ئىنتىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشىپ ئالقىشلاندى. ناھايىتى تېز مۇددەتتە ئائىلىلەرنىڭ كىتاب جاھازىسىنى زىننەتلىدى...

لېكىن يەنىلا بىر قىسىم كىشىلەر بۇ كىتابنى — ئۇنىڭ قانداق جاپا - مۇشەققەت، ئىزدىنىش ئىچىدە يېزىلغانلىقى، نېمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ۋە ئاپتورنىڭ بۇ كىتابى ئارقىلىق نېمە دېمەكچى بولغانلىقىدىن ئانچە تولۇق، ئەتراپلىق خەۋەردار ئەمەس.

بىز بۇ تەقرىزىمىزدە مەزكۇر كىتابنى تونۇشتۇرۇش ۋە تىنتىش ئارقىلىق پەيدا بولغان خۇشلۇقىمىزنى ۋە ئىزتىراپلىق خىياللىرىمىزنى سىلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز.

ئوقۇرمەنلەر سالونى

«غۇرۇرنامە» — تارىخ ۋە ئەجدادلار بايلىقى
كىمكى ئەجدادلار ياراتقان بايلىقلارنى بىلمىسە،
دېمەك، ئۇ گۈزەللىكتىن بىخەۋەر ياشىغان.
— گېگېل

بۇ قىممەتلىك جاۋاھىراتلار بېسىلغان سېھىرلىك كېمە
ئەركىن ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق تى-
رىشىشى، كۆپ ئەجىر قىلىشى، قانچىلىغان ئاي - يىللار،
قانچىلىغان ئۇيقۇسىز تۈنلەر، قانچە ئەقلىي قۇۋۋەتنىڭ خو-
رىشى، ئۈمىد ۋە تەشۋىشلىرى، يۇرتمۇيۇرت، دۆلەتمۇ
دۆلەت كېزىپ، جاپا - مۇشەققەتلىك ئىزدىنىش نەتىجىسىدە
بورانلىق دېڭىز - ئوكيانلارنى يېرىپ، ئاخىرى ئالدىمىزغا
كەلدى. قەبرىسىنىڭ تۇپراقلىرى مىڭلاپ يىللار داۋامىدا
توزغاقتەك توزۇپ، سەبىينىڭ چۈشىدەك ئۇنتۇلۇپ
كەتكەن باھادىر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاۋازى قەدىمىي ئور-
مانلار ئارىسىدىن جاراڭلاپ بىزنى ئويغاتتى. بىز مىلادىيە-
دىن بۇرۇنقى 6 — 7 - ئەسىرلەردە ياشىغان ئالىپ ئەرتۇڭا
(ئافراسىياپ) دىن باشلاپ تا 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى
ياشىغان يۈسۈپجان ياسىنوفقا قەدەر بولغان 1021 نەپەر
مەشھۇر تارىخىي شەخس بىلەن ئەسىرلىشىپ، مۇڭداش-
تۇق، «ھەر كۈنى جاھاننىڭ ئەڭ دانىشمەن ئادەملىرى
بىلەن ئالاقىدار بولۇشتىن قىممەتلىكرەك نېمە بار؟»
(ل . ن . تولستوي) ئۇلاردىن پەخىرلەندۇق، غۇرۇر - ئىپ-
تىخار ھېس قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ قەدەر كۆپ
مەشھۇر زاتنى مەشرەپ ئەھلىگە بىر - بىرلەپ تونۇشتۇ-
رۇپ، مەشرىپىمىزگە گۈل كەلتۈرگەن جاپاكەش يول باش-
لىغۇچى - ئەركىن ئابدۇقادىر ئەپەندىگە ئىختىيارسىز ھەش-
قاللا! ... دېدۇق.

بىرەر شەخسنى ئەلگە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك
كۈچ، ئەقلىي قۇۋۋەت، ۋاقىت ۋە سەپەر كېتىدىغانلىقى
ھەرقانداق ئاخباراتچى ۋە باشقا قەلەم ئەھلىلىرىگە مەلۇم.
ئەگەر يازماقچى بولغان ئۇ ئوبيېكت ئۆزى ياشاۋاتقان شە-
ھەرلىك ياكى بىر يۇرتلۇق ۋە ھايات كىشى بولسىغۇ بىر
گەپ، ئەمما ئۇ نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن
ھەتتا قەبرىسىمۇ ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغان، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇنىڭ ھەممە پائالىيىتى، تۆھپىسى، ئۇرۇق - جە-
مەتى... يات يەرلەردە، يات ئەللەردە بولسا، ئۇنى قانداق
يازغۇلۇق؟... ئۇ ناھايىتى قاتتىق چىدام، سەۋر - تاقەت،
زېرىكمەيدىغان، تېرىكمەيدىغان ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قى-
لىدىغان، قۇدۇقتىن يىڭنە ئىزدىگەندەك قىيىن ئىش، ئەل-
ۋەتتە. ئەمما ئەركىن ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ ئۆز مىللىتىنى
سۆيۈش، قەدىرلەش، مەسئۇل بولۇشتەك بىر ئىزگۈ مۇھەب-
بەت ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغاپ ئالغاچقا، ئۇ مۇخبىر
سۈپىتىدە مەملىكەت ئىچىدىن تاشقىرى رۇسىيە، موڭغۇلىيە،
ھىندىستان، قازاقىستان، تۈركىيە، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىس-
تان، ۋېنگرىيە... قاتارلىق يىگىرمىگە يېقىن دۆلەتكە بارغى-
نىدا بىر تەرەپتىن خىزمەت ۋەزىپىسىنى بېجىرسە، يەنە بىر
تەرەپتىن مىللىتىنىڭ تارىخىي ئىزنالىرىنى ئىزدىگەن. كۆپلى-
گەن مەشھۇر شەخسلەر بىلەن كۆرۈشكەن، سۆھبەتلەش-
كەن...

بۇ 20 يىللىق ماتېرىيال توپلاش داۋامىدا ئوتتۇرا ئا-
سىيا، ياۋروپا، ئەرەب ئەللىرىگە ئۇرۇش، سودا، مەدەنى-
يەت ئالاقىسى، كۆچمەنلىك سەۋەبىدىن بېرىپ قېلىپ كېلەل-
مىگەن مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلى-
رى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى ئىگىلىگەن، قەبرىلىرىنى
زىيارەت قىلغان، مەڭگۈ تاشلاردىن، زىيارەتگاھلاردىن،
قەلئەلەردىن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن، تارىخنى بىلى-
دىغان مويسىپىتلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىزىنى ئىزدىگەن.

قەدىرلەشكە تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئۇ
ئۆزى بېرىپ تەكشۈرۈشتىن تاشقىرى تارىخ، ئەدەبىيات،
تەزكىرە، جۇغراپىيەگە ئائىت 300 پارچىدىن ئارتۇق ئۇيى-
غۇرچە - خەنزۇچە كىتاب، 20 دىن ئوشۇق لۇغەت ۋە سان -
ساناقسىز گېزىت - ژۇرناللارنى ئاختۇرۇپ، ھازىرقى زامان
ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرى بىلمەيدىغان، باشقا مىللەت دەپ خاتا
قارالغان مەشھۇر شەخسلەرنى قەدىمكى تارىخىي ماتېرىيال-
لاردىن تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەجدادى — ئە-
كەنلىكىنى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىشكە ئا-
لاھىدە تىرىشقان.

قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئول-
تۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇپمۇ، بېيجىڭ، كەيفېڭ،
چاڭئەن، فۇجيەن، تەييۈەن، شىئەن، كۈنمىڭ، گۇاڭجۇ،
نىڭبو، نەنجىڭ، چاڭشا قاتارلىق قەدىمىي مەركىزىي شە-
ھەرلەردە شۇ يەرنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا ئاجا-
يىپ تۆھپە قوشقانلىقىنى خاتىرىلىگەن ئىز - خاتىرىلەرنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۇلارنى ئەستايىدىل ئۆگەن-
گەن ۋە تەشۋىق قىلغان.

ئۇ بۇ ماتېرىياللارنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش داۋامىدا تەڭرىتاغ، قارا قۇرۇم، ھىنگان، ئۆتۈكەن ۋە ئالتۇنتاغ ئېتەكلىرى، تارىم، سىر دەريا، ئىتىل ۋادىلىرى، خوتەن، ئىلى، ياركەنت، تۇغلا، تالاس ۋە ئېرتىش دەريالىرى ۋادىلىرىدىكى، بايقال، بالقاش، لوپنۇر كۆلى بويلىرىدىكى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە تېرىقچىلىققا باي زېمىنلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇرۇق - قەبىلە دەۋرىدىن تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر نەچچە مىڭ يىلدىن ئوشۇق تارىخىي مۇساپىسىدە تەبىئەت تەڭرىچىلىكى، شامان دىنى، مانىي دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق ئالتە خىل دىنىي مەدەنىيەتنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى، ئالتە قېتىم تىل - يېزىق ئۆزگەتكەن جەريانلارنى بايان قىلىپ ئۆتكەن.

شۇڭا «غۇرۇرنامە»گە كىرگۈزۈلگەن بەزى مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىسمى، تەخەللۇسى، فامىلىسى مىللىتىمىزنىڭ ئالتە قېتىملىق دىن، تىل - يېزىق ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن بىزگە يات، غەيرىي كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى خەنزۇچە، ئەنەتكەكچە، توخرىچە بولغاچقا تارىخىي بىلىملەردىن خەۋەرسىز ئۇيغۇر قېرىنداشلار ئۇلارنى بىزنىڭ ئەجدادىمىز دەپ ئويلىماسلىقى تەبىئىي. لېكىن ھەقىقەت شۇكى، ئۇلار بىزنىڭ ئەجداد قېنىمىز، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدۇر. خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا جۇڭخۇا ئورتاق مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە زور تۆھپە قوشقان باھادىرلىرىمىزدۇر: «ئۇيغۇرلار قەدىمىي، شۇنداقلا نەۋقىران مىللەت. ئۇلار تارىختا ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك خانلىقلىرىنى قۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئىقلىم بىلەن قويۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن. ئېلىمىزنىڭ چېگرا ئامانلىقىنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان» (ماۋزېدۇڭ)، «جۇڭگو مىللەتلەر گېزىتى» 2005 - يىل 23 - سېنتەبىر)

ئاشۇ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز بىزنىڭ غۇرۇرىمىزدۇر. «غۇرۇر - ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسى. شەخسنىڭ، قوۋمنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىدىكى پولات تۈۋرۈك» (ئابلەت مۇھەممەد: «غۇرۇرنىڭ بايانى»)

ئاپتور بىزنىڭ پىسخىكىمىزدىكى غۇرۇرنى سۇندۇرغۇچى خەۋپلىك ئامىل — مەنىۋى ئاجىزلىقىمىزنى يىمىرىپ، يېڭى مەنىۋى كۈچ — يېڭى روھ بېغىشلاشنى مەقسەت قىلغان بۇ كىتابىدا بۇ مەنىۋى كۈچنى قەدىمكى تارىخىي ئەجدادلارنىڭ شانلىق روھىدىن ئىزدىگەن. چۈنكى «ئاللىبۇرۇن ئۆتكەن دەۋرلەر ھەم شۇ دەۋرلەرنىڭ قەھرىمانلىرى ھازىرقى تىرىكلەرنىڭ قېنى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىدۇ» (ئا . جالالىددىن)، ئۇلار ئەۋلادلارغا يېڭىچە روھ، كۈچ ۋە غۇرۇر ئاتا قىلىدۇ. غۇرۇر بولسا ئىنساننى قەدىر - قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ. «ئادەمنىڭ پۇلسىز، ئۆيسىز، يەر - مۈلۈكسىز قالغىنى ئېچىنىشلىق ئەمەس، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئەمەس، ئىنساننىڭ ھەقىقىي مۈلكى بولغان ئىنسان قەدىر - قىممىتىنى يوقىتىشى ئەڭ ئېچىنىشلىقتۇر» (ئېپىكتېت) «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 681 - بەت.

ئاپتور ئۆزىمۇ بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «...مېھرىبان ئاتا - ئانىلار: ‹ئاستانە بېيجىڭدا ياشاۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە مىللىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخى، كۆمۈلۈپ قالغان تۆھپىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان، جەمئىيەتتىكى ئورنىمىزنى ئۆز ئەجرىمىز بىلەن كۆتۈرۈدىغان ۋە ئەۋلادلارغا مەڭگۈ مىللەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بېغىشلايدىغان يېڭى بىر ئەسەر قالدۇرۇشقا تىرىشقىن. ئەجدادلارنىڭ شانلىق ئىزلىرى تولىمۇ قەدىرلىك، ئۇلار چاقنىسۇن، بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى دوستلار بىلسۇن، ئەۋلادلار بىلسۇن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۆھپىلىرىدىن يېڭى دۇنيا خەۋەر تاپسۇن! ...› دەپ مېنى مۇشۇ ھەقتە بىر كىتاب يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدى.

... جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان مىللىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن قانداقمۇ غۇرۇر - ئىپتىخار تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلمەي تۇرالايمىز؟! شۇڭا مەن بۇ كىتابنىڭ ئىسمىنى ‹غۇرۇرنامە› دەپ قويدۇم». («غۇرۇرنامە» ئاخىرقى سۆز633 — 634 - بەتلەر)

ئۇ يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان تارىخىي شەخسلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلاردۇر ھەم ئۇيغۇرلارغا قانداش - قېرىنداش شەخسلەردۇر...

... بۇ كىتابنىڭ ھەر بىر قۇر، ھەر بىر مىسراسى ئۈستىدە ئىزدەندىم... ئۇستازلار، دوستلار بىلەن پىكىرلەشتىم،

كىتابنىڭ توغرا بولماي قالغان، كەم قالغان ھەم ئارتۇق كەتكەن يەرلىرىنى تۈزەتتىم، تولۇقلىدىم ۋە قىسقارتتىم» (635 ـ بەت)

دېمەكچى، كىتابنىڭ ئۆزگەرتىش نۇسخىسى 12 قېتىم بېسىپ چىقىرىلغان، مەرھۇم ئىبراھىم مۇتئىي، مەرھۇم ھاجى ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىق مەشھۇر تىلشۇناس، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى؛ تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەدكە ئوخشاش دۆلەت رەھبەرلىرى كىتاب تېمىسى، مەزمۇنى ۋە نەشر شەكلىگە ئالاھىدە قىممەتلىك پىكىر بېرىپ رىغبەتلەندۈرگەن. تۆمۈر داۋامەت ئاتا ـ بوۋىلىرى توقسۇندا ياشاپ ئۆتكەن پۈتۈن جۇڭگوغا مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر شائىرى ما زۇچاڭنى تونۇشتۇرغان ھەم ئاپتورنى مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن.

«ما زۇچاڭ 1279 ـ يىلىدىن 1338 ـ يىلىغىچە خېنەندە ياشىغان مەشھۇر ئەدىب بولۇپ، ئۇ ‹تاشلىق دىيار› ناملىق شېئىرلار توپلىمى، ‹بەگلەر ئۈچۈن قىممەتلىك ئۆرنەكلەر› قاتارلىق كىتابلىرى ۋە بىر نەچچە تەرجىمە ئەسەرلىرى بىلەن داڭلىقتۇر.

يۇرتى قۇچۇ يانار تاغلار، ئۇڭغۇت ئۇنىڭ ئەجدادى،
ئالتە ئەۋلاد ئالدىدىلا كەلگەنىكەن گەنسۇغا.
تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدە كۆپ يايلىغان مال ـ چارۋىسى،
يۈگەنەك دېگەن بوۋىلىرى ماھىر ئىكەن جەڭ، ئوۋغا.

ما زۇچاڭ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭجۇ ناھىيەسىدە ئالەمدىن ئۆتكەن» («غۇرۇرنامە»457 ـ، 458 ـ بەتلەر)

ئىسمائىل ئەھمەد كىتابنىڭ «غۇرۇرنامە» دېگەن تېمىسىنى كۆرۈپ ناھايىتى سۆيۈنگەن ۋە «تېمىسى بەك ياخشى چىقىپتۇ، ھەرگىز ئۆزگەرتمىسۇن!» دېگەن. مەرھۇم ھاجى ئىمىن تۇرسۇن: «كىتاب يېزىلىش جەھەتتە يېڭى نۇسخا پەيدا قىپتۇ، بۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر يېڭىلىق بوپتۇ» دېگەن. دېمىسىمۇ كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى ئالدى بىلەن نەسرىي شەكىلدە قىسقىچە بېرىلىپ، بەزى تەپسىلاتلىرى نەزمىي شەكىلدە بايان قىلىنغان.

تىلشۇناس ئالىم مەرھۇم ئىبراھىم مۇتئىي كىتابقا يازغان «بېغىشلىما»سىدا: «ئىنىمىز ئەركىن ئابدۇقادىر ئۆزىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە قىلغان مۇخبىرلىق سەپىرىدە كۆرگەن تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن ۋە بۇ ھەقتە ئاڭلىغانلىرى، ئوقۇغان كىتابلىرىدىن، ئەجدادلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەنە شۇ شانلىق ئىزلىرىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مېھنەت سۆيەر، ئىجادچانلىق روھى، قايناق ھاياتى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان شانلىق تۆھپىلىرى ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىپ، نەزمىي شەكىل بىلەن نەسرىي شەكىلنى بىرىكتۈرۈش ئاساسىدا قەلەمگە ئالغان ‹غۇرۇرنامە› ناملىق بۇ تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسىرى... ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئوبدان ئوقۇشلۇق بولۇپ قالغۇسى» دېگەن يۇقىرى باھانى بەرگەن. شۇنداقلا: «... مانا بۇ ‹غۇرۇرنامە›گە ئوخشاش يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپ دەۋرىمىزگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۆز تۆھپىلىرى بىلەن خەلقىمىزگە تونۇلغان ياكى تونۇلماي كۆمۈلۈپ قالغان ئەجدادلار ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىز، ئىجادىيىتىمىزنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىزدۇر» ـ دەپ كۆرسەتكەن.

ئاپتور كىتابنى ئىشلەشتە ماتېرىيال توپلاش، ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەتنى ناھايىتى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرغان، نەگە بارسا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى سومكىسىغا، يانچۇقىغا سېلىپ بىللە ئېلىپ بارغان، ھەتتا سەپەر ئۈستىدىمۇ يېنىدىن ئايرىماي داۋاملىق تەپەككۇر ئىچىدە تولۇقلاپ ماڭغان.

20 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت يۇرتمۇ يۇرت، دۆلەتمۇ دۆلەت كېزىپ، قىدىرىپ، قاتتىق ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، ماتېرىيال كۆرۈش، كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق كىتاب ئاخىر 2009 ـ يىلى يېزىلىپ تاماملانغان. مۇھەررىر، كوررېكتور خادىملارنىڭ قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ ئىشلىشى، ئاپتورنىڭ زېرىكمەي تەكرار ـ تەكرار تۈزىتىشى نەتىجىسىدە كىتاب ئاخىر 2011 ـ يىل 11 ـ ئايدا نەشردىن چىقىپ تارقىتىلغان.

كىتاب نەشردىن چىقىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن دىيارىمىزدىكى كەڭ ئوقۇرمەن ـ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپلا قالماي رۇسىيە، قازاقىستان، ئاۋستىرالىيە، كورېيە، قىرغىزىستان، تۈركىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، موڭغۇلىيە، ئۆزبېكىستان، پاكىستان قاتارلىق چەت ئەللەردىن جۇڭگوغا كەلگەن مۇھاجىرلار، ساياھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ ئالقىش ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇلار بۇ

كىتابنى ئاپتورغا ئىمزا قويدۇرۇپ سېتىۋېلىپ، ئۆز ئەللىرىدىكى دوست - ياران، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ۋەتەنداشلىرىغا سوۋغات سۈپىتىدە ئېلىپ كەتكەن.

بۇ كىتاب جەنۇبىي شىنجاڭغا تارقىتىلغاندىن كېيىن خوتەندىكى مۆتىۋەر تىلشۇناس ئالىممىز مەرھۇم ئىبراھىم مۇتىئى ئېيتقاندەك «ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق ئىزلىرىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئوبدان ئوقۇشلۇق» بولۇپ قالغان. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەدەبىيات، تارىخ، ئاسترونومىيە، تېبابەت دەرسلىرىنى ئۆتكەندە بۇ كىتابتىن دەرسلىك قاتارىدا پايدىلانغان. بەزى ئوقۇرمەنلەر ئۆز كەسپىگە، ئۆز ھەۋەسىگە قارىتا كىتابتىن شۇنىڭغا ئائىت ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئاپتور ئەركىن ئابدۇقادىر ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمەت - تەشەككۈرىنى بىلدۈرگەن، ئۇنىڭ تۆھپىسىنى، ئەجرىنى مەدھىيىلىگەن. ئەلنىڭ ئالقىشى، قوللىشى نەتىجىسىدە «غۇرۇرنامە» ناملىق بۇ كىتاب مەملىكەت بويىچە باھالانغان ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ 100 نەمۇنىلىك كىتابى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

مەن شېئىرىيەتكە قىزىققانلىقىم ئۈچۈن «غۇرۇرنامە»نىڭ نەسرىي شەكلىدىن كۆرە نەزمىي شەكلىگە كۆپرەك دىققەت قىلدىم ۋە ئۇنىڭ شېئىرىيەت قىسمىنى تىمىسقىلاپ، بۇ كىتابقا 2536 كۇپلېت يەنى 10 مىڭ 144 مىسرا شېئىر يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. پاھ، ھەقىقەتەن تاڭ قالارلىق ئىش!

بۇ ئەسەر بىزگە ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن ھازىرغىچە بولغان تۆھپىكار ئەجدادلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى نۇرغۇن تارىخىي بىلىملەرنى بەخش ئېتىدۇ. شۇنداقلا تارىخىمىزنى ۋاراقلىغاندا تەپەككۇرىمىزدا پىرقىراپ قالغان، كۆڭلىمىزدە بىلىش ئىستىكى ياندۇرغان قېتىپ قالغان سوئاللىرىمىزنى ئېرىتىپ، گۆڭگا، غۇۋا رۇجەكلەرنى ياندۇرۇپ، ئىخچام جاۋابى بىلەن روھىمىزنى كۆتۈرىدۇ.

مەن كۆپ يىللاردىن بۇيان مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىدىكى سۆز - جۈملىلەرنى ئوقۇغىنىمدا ئۇلارنىڭ تىل پاساھىتىگە ھەيران بولۇپ، ئۇنى قانداق ئادەملەر يازغاندۇ دەپ ئويلايتتىم، بىلىشكە قىزىقاتتىم. ئەپسۇسكى، تا ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئىگىسىنى تاپالمىغانىدىم. «غۇرۇرنامە»نى ۋاراقلىغىنىمدا ئۇنىڭ 6 -، 7 - بېتىگە پۈتۈلگەن: «ئاشىنا يورۇق»نىڭ تەرجىمىھالىدا بۇ ماڭا ئايدىڭلاشتى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«ئاشىنا يورۇق شەرقىي تۈرك خانلىقى دەۋرى (652 - 744)دە ياشىغان تارىخشۇناس بولۇپ، بىلگە قاغاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. ئۇ تەزكىرىلەردە تارىخچى، ئەدەبىياتچى ۋە داڭلىق خەتتات دەپ خاتىرىلەنگەن. شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى قۇتلۇقنىڭ ئىككى ئوغلى ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ مەڭگۈتېشىنىڭ خەنزۇچىسىنى تاڭ شۈەنزاڭنىڭ خەتتات، تارىخچىلىرى، ئۇنىڭ تۈركچىسىنى شۇ ئاشىنا يورۇق يازغانىكەن. ئۇ ئىككى مەڭگۈ تاش 1899 - يىلى ئۇلانباتورنىڭ 380 كىلومېتىر غەربىدىكى قارا قۇرۇمدىن تېپىلغان:

ھە، مىڭ ئۈچيۈز يىللار بوپتۇ شۇ ئىككى مەڭگۈ تاشقا،
جۇدۇنلاردا ئۆچمەي يەنە ئاشىنا يورۇق خەتلىرى.
شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ داستانىدۇر ھەر قۇرى،
ئايان ئۇنىڭدىن بىزگە شانلىق قەدىم تارىخ بەتلىرى.»

1996 - يىلى 7 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» پىچاندا تارقىتىلغاندا، يىغىن قاتناشچىلىرى تۇرپان «مىڭئۆي»نى زىيارەت قىلغانىدۇق. شۇ چاغدا مەن «مىڭئۆي»دىكى تام رەسىملىرىنى كۆرۈپ، بەكمۇ ھەيران قالغانىدىم. رەسىملەرنىڭ جانلىق، ئوبرازچانلىقى، سىمۋوللۇقى، سىپتا ۋە گۈزەللىكىلا ئەمەس، نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇنىڭدىكى رەڭ، بوياقلارنىڭ ئۆز پېتىدىن كەتمەسلىكى مېنى تاڭ قالدۇرغانىدى. مەن شۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە بۇ ئېسىل تام رەسىملىرىنى قانداق ئادەملەر سىزغان بولغىيتى، ئۇلار قانداق رەڭلەرنى ئىشلەتكەن بولغىيتى؟!... دەپ ئويلانغان ۋە قىزىققانىدىم. ئەتراپىمدىكى ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمىگەنىدى... «غۇرۇرنامە»نىڭ 575 - ۋە 577 - بەتلىرىدىكى ئاتا - بالا داڭلىق رەسساملار — ۋېيساباجىنا ۋە ۋېيساۋىچىرلار مېنىڭ بۇ ئىستىكىمنى قاندۇردى، بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئەجدادىم ئىكەنلىكىدىن تولىمۇ پەخىرلەندىم. كىتابتا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

«ۋېيساباجىنا 575 - يىللىرى ئۇدۇندىكى ۋېيساخان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شۇ دەۋرنىڭ داڭلىق رەسساملىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ 2 - ئوغلى ۋېيساۋىچىر (ئىبراساتكا)مۇ ئاتىسىغا ئوخشاش شۇ دەۋرنىڭ داڭلىق رەسساملىرىدىن بولۇپ يېتىشكەنىدى. ئۇ چاڭئەننىڭ تەكلىپى ۋە

ئۇدۇن خانلىقىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن چاڭئەنگە كەلگەن. تاڭ دەۋرى ئەدىبلىرى ئۇلارنى چوڭ ۋىيسا، كىچىك ۋىيسا دەپ چاقىرىشاتتى ۋە تەرىپلىشەتتى:

«ئاتا - بالا شۆھرەت تاپقان تەكلىماكان، ئۇدۇندا،
بېزەلگەنىكەن «مىڭئۆي»لەر، بۇتخانىلار نەچچە يۈز.
ئون يېشىدا دادىسىغا رەڭ تەگكۈزگەن بالىسى،
كوچا، تۇرپان، دۇنخۇاڭلاردا رەسىملىرى بەكمۇ ئۈز»

دېمەك، بىز بۇ گۆھەر قاچىلانغان كېمە ئىچىدىن بىر گۆھەرنى — «مىڭئۆي» ۋە بۇتخانىلاردىكى تام رەسىم ئىگىلىرىنى تاپالىدۇق. بۇنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئىكەنلىكىدىن پەخىرلەندۇق.

مەن بۇ كىتابتىن يەنە قاراشەھەرلىك راھىب كالان ئارىيا چانترىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنەتكەكچە تۇنجى 27 پەردىلىك درامىسى «مايترى سىمىت»نى توخرىچىغا، 8 - ئەسىردە ئۆتكەن پرتانراكشىتىنىڭ توخرىچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانلىقىنى؛ 18 - ئەسىردە ئۆتكەن داڭلىق تەرجىمان ئابدۇللاخان مەخدۇمنىڭ ئاقسۇدا «مىڭبىر كېچە»نى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانلىقىنى (قاراڭلار، ئۇ بۇگۈنكى دەۋرىمىزدىن 200 يىل بۇرۇن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بولغانىكەن، ئەمما بىز ئۇنى 20 - ئەسىردە ئاران كۆرەلىدۇق)، تارىختىكى مەشھۇر «تورا قوشقى»نىڭ ئاپتورى قوغۇرسۇ ئالتۇن ئىكەنلىكىنى؛ ئۇيغۇرلارغا قانداش نەسل - ۋاڭ كوۋەن (ئابدۇراخمان ھاجى) قاتارلىقلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دەستۇرلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغانلىقىنى؛ يوللۇغ تېكىننىڭ «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» ھەم «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»نى يېزىپ ئويغانلىقىنى؛ شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەبىستان ۋە باشقا ئەللەرگە چىقىپ كېتىپ، بىزگە ھازىرغىچە مەلۇم بولمىغان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنى كۆردۇق. كىتابنىڭ 81 - بېتىدە يەنە يېقىنقى يىللاردا ئاخبارات ۋە ئەل ئارىسىدا قىزىق نۇقتا بولغان پورباجىندىن تېپىلغان تېرېخول كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالغا سېلىنغان قەدىمكى قەلئە توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن ھەمدە ئاپتورنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كۆز قارىشى، ئىستىكى ۋە چوڭقۇر مىللىي مۇھەببىتى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى يارقىن ئىپادىلەنگەن:

«ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان 750 - يىللىرى شىمالدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىزلىكتە جايلاشقان، گۈزەل تەبىئەت قۇچاقلىغان تېرېخول كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالغا قەلئە سالدۇرغان. قۇرۇلۇشنى تۈرك - ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا بېزىگەن:

بىر مىڭ ئۈچيۈز يىللار بۇرۇن تۇرغان ئۇيغۇر قاغانلار،
ھەيۋەت قەلئە بەرپا قىلىپ چۆمگەن سەلكىن شامالغا.
كەمچىك دەريا ئون تۆرت ئېقىن تېرېخولغا قۇيۇلغان،
ئۇندا ئۇيغۇر تۇلپار ئېتى كىشنەپ ئۇچقار شىمالغا.
...
گەر بۇيرۇسا تەڭرى مېنى بايقال كۆلگە بارغۇم بار،
شۇ تېرېخول ئارال ئوردا تۇپرىقىدا ياتقۇم بار.
تارىخنى يېزىپ ئۇنىڭ بىلمىگەنلەر بىلسۇن دەپ،
پۈتۈلمىگەن داستانلارغا مۆھۈر قىلىپ باسقۇم بار».

قىسقىسى، ئاپتورنىڭ مۇھەببىتى بىلەن يازغان بۇ كىتابقا سىڭدۈرگەن ئەجىر - مېھنىتى ئاپىرىن ئوقۇشقا تېگىشلىك، ئەلگە پايدىلىق ۋە مۆھتەرەمدۇر. ئۇنىڭ: «مىللىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخى، كۆمۈلۈپ قالغان تۆھپىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان، جەمئىيەتتىكى ئورنىمىزنى ئۆز ئەجرىمىز بىلەن كۆتۈرىدىغان ۋە ئەۋلادلارغا مەڭگۈ مىللەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بېغىشلايدىغان يېڭى بىر ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا تىرىشقان»لىقى بىزنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى.

ۋاھالەنكى، شۇنچە كۆپ ئەجىر، شۇنچە كۆپ يىللىق تىرىشچانلىق بىلەن يېزىلغان بۇ ئەسەر ئۈستىدە بىرەر نوپۇزلۇق ئوبزورچى ياكى تارىخچى ئادىل، خالىس باھا بېرىپ، مۇئەللىپنىڭ تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەنلىكى، جامائەت پىكرى ھاسىل قىلمىغانلىقى، يۇرتداشلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ تەبرىكلىمىگەنلىكى مېنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇردى.

## «غۇرۇرنامە» بەرگەن تارىخىي ساۋاق

بىزنىڭ ئۆتمۈش ۋە ھازىر ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرىمىز ئاز بولغانسېرى كەلگۈسىگە بولغان يەكۈنلىرىمىز خاتا بولىدۇ.

— داڭلىق پسىخولوگ سىگموند فرېئود

كىتابنى ياپتىم، ئويلاندىم. مىللىتىمىزنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن يىراق قەدىمىي دەۋرلىرىدىن ھازىرقى دەۋرىمىزگە قەدەر ئۆتكەن مەشھۇر تارىخىي شەخسلىرىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرى مېنى غۇرۇر - ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا

چۆمدۈرۈپ سۆيۈندۈرسىمۇ، مەن ئەركىن ئابدۇقادىر بىلەن بۇ كىتاب توغرىسىدا مۇڭداشقاندا، ئۇنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئىچىدىكى تەبىئىي پەن ئالىملىرىنى تولىمۇ تەلمۈرۈپ ئىزدەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ ئويلانغانلىقىنى، ئەمما بار - يوقى ئاساسەن مۇشۇلار ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، بۇ ھال مېنى چوڭقۇر ئويلاندۇردى ۋە كۆڭلۈمنى مەيۈسلەندۈردى. بۇ ئەلۋەتتە جاپاكەش ئاپتورنىڭ ئىشى ئەمەس، چۈنكى، ئۇ ناھايىتى كۆپ يىللار ئىزدىنىپ، قازاندا نېمە بولسا شۇنى ئۇسقان. بۇ بەلكى مىللىتىمىز بېشىدىن كەچۈرگەن ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرىدىن، تىل - يېزىق، دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەتلەر ئۆزگىرىشىنىڭ ھەر تەرەپلەردىن بولغان سەۋەبلەر ھاسىلى.

مەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 1021 نەپەر تارىخىي شەخسنى تەكشۈرۈپ چىققىنىمدا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قاغانلار، سانغۇنلار، داڭلىق باتۇرلار، قەھرىمانلار، بەگلەر، ئەمەلدارلار، تەرجىمانلار، پۈتۈكچىلەر، سەنئەتچى - ئەلنەغمىچىلەر، ناخشىچى - ئۇسسۇلچىلار، رەسساملار، شائىر - ئەدىبلەر... ئىكەنلىكى ئايان بولدى. ئەمما مىڭدىن ئوشۇق بۇ تارىخىي شەخسلەر ئارىسىدا ئون نەچچە داڭلىق تەبىئىي پەن ئالىمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆزگە كۆرۈنگۈدەك تەبىئىي پەن ئالىمى ئىنتايىن ئاز قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. پۈتۈكچىلەر، تەرجىمانلار ۋە ھەتتا رەسساملارنى قوشمىغاندىمۇ 200 نەچچە نەپەر سەنئەتچى، ئەدىبلەرنىڭ ئەجىر - ئىجادىيەتلىرى، كىتاب - غەزەللىرى ياڭراپ تۇرىدۇ...

قەدىمكى يىراق ئۆتمۈشنى قويۇپ، رۇس سەيياھى نىكولاي مىخايلوۋىچ پېرژىۋالسكىينىڭ 1883 -، 1885 - يىللىرى كېرىيەنى تەكشۈرگەندە دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى: «جۇڭگونىڭ نۇرغۇنلىغان 9 - دەرىجىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلىرى ۋە ئەدىبلىرىنىڭ ھەممىسى بىر قانچە كلاسسىك ئەسەرلەرنى يادقا بىلىدۇ... ئۇلار شۇ ئارقىلىق ماختىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن گەپ ھەقىقىي تەبىئىي پەنگە چېتىلسىلا ئۇلار ئەڭ ئاساسىي بىلىملەرنىمۇ بىلمەيدۇ.

... بىز ئەڭ چەت تاغلىق يېزىلارغا كەلگەندىمۇ يەنىلا مۇزىكا ئاۋازى، ناخشا ئاۋازى ياڭراۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بىزنىڭ ئەتراپىتىكى بىر كازاك ماچىنلىقلارنىڭ ئويۇنخۇمار خاراكتېرىگە: ‹ۋودكا (ھاراق) ئىچىپ باقمىغانلىقى ئەڭ كەمدىمۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ زور ئامىتى. ئەگەر ۋودكا ئىچىپ قالسىلا ئۇلارنىڭ قەيەرلەرگە بېرىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلىپ بولماس...› دەپ باھا بەردى» («دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» 13 - كىتاب، 53 - بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى)

توۋا، باشقىلارنىڭ «شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە...

مەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، نەچچە مىڭ يىلدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئون نەچچە نەپەر تەبىئىي پەن ئالىمىنى تىزىپ چىقتىم.

1. ئەل پەرغانى (ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد)

«ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان. 861 - يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن تەبىئىي پەن ئالىمى. ئۇنىڭ ئارىفمېتىكا ۋە گېئومېترىيە جەھەتتىكى بىلىمى تولىمۇ چوڭقۇر ئىدى.» (83 - بەت)

2. ئەبۇ ناسىر فارابى

ئۇ ئارىستوتىلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ ئاتالغان ئالىمدۇر. ئۇ قىرغىزىستاننىڭ فاراب شەھرىدە تۇغۇلغان، گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا، ئەخلاق، ماتېماتىكا، فىزىكا، ئەرەب تىلى، يۇنان تىلى، لوگىكا، مۇزىكىغا ئائىت نۇرغۇن كىتاب يازغان.» (83 - بەت)

3. جالالىدىن

«ئۇ 13 - ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئاسترونوم ۋە تارىخشۇناس، ‹موھتاج›، ‹گۆھەر›، ‹تارىخ›، ‹ھېكمەت›، ‹ئىلمىي نۇجۇم› قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.» (224 - بەت)

4. دىلىڭ خوڭجىن (1800 ـ 1875)

«ئۇ ئۇيغۇرلارغا قانداش بولغان ئاسترونومىيە ۋە قورال - ياراغ ئالىمى. ئۇنىڭ ‹توپ زەمبىرەك توپلىمى› ناملىق كىتابى بار.» (270 - بەت)

5. سەيىد شەمشىدىن (1277 ـ 1351)

«ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاسترونومىيە، تەقۋىم، ھېساب ۋە سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىملىك زاتى. ئۇ ‹قامۇسۇل ئالەم›، ‹خان - پادىشاھلار مۇبارەك قەلبىدىكى ئوي - پىكىرلەر› دېگەن كىتابلىرى بىلەن شۆھرەتلىك.» (313 - بەت)

6. سابىنتىپ

«ئۇ 1928 - يىلى ئامېرىكىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئورگانىك خىمىيە، ئوزۇقلۇق خىمىيەسى، بىيو خى-

مىيە ۋە دورىگەرلىك ساھەلىرىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.» (341 - بەت)

7. سابىندولى (1902 ـ 1949)

«ئۇ ھازىرقى زامان فىزىكا، ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى مۇتەخەسسىسى، ئۇنىڭ ‹ئېلېكتىر بېسىمىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى› ناملىق ئىنگلىزچە كىتابى بار.» (343 - بەت)

8. ساجىخەن (1934 ـ 1997)

«ئۇ ئامېرىكىنىڭ داڭلىق ماتېماتىكا ئالىمى ۋە پىداگوگى. ئۇ ‹ئابستراكت ماتېماتىكا› (خىيالىي ماتېماتىكا) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان.» (352 - بەت)

9. قۇتبىدىن شاھ

«ئۇ 1760 - يىلى ياركەنتتە تۇغۇلغان. ئاسترونومىيە ئالىمى.» (400 - بەت)

10. مۇھەممەدمۇسا خارازمى

«ئۇ 780 - يىلدىن 850 - يىللىرى ئەتراپىدا خارازىم شەھىرىدە ياشىغان تەبىئىي پەن ئالىمى. ئۇ ماتېماتىكىغا ئاساس سالغان. ‹كىتابۇت تەقۋىم›، ‹ئەلجەبىر ۋە مۇقابىلە›، ‹مۇختەسەر سىند ھىند›، ‹ھېساب ئىلمى›، ‹يەر تەسۋىرى› ناملىق كىتابلارنى يازغان.» (447 - بەت)

11. ماشايىخ

«يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاسترونومىيە ئالىمى» (455 - بەت)

مانا بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان يېتىشىپ چىققان تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىز. ئەگەر بۇنىڭ ئىچىدىن دۇنياغا تونۇلغان ئەبۇناسىر فارابى ۋە مۇھەممەدمۇسا خارازمىيىدەك بىر نەچچە ئالىمنى چىقىرىۋەتكەندە، تومۇرىدا نەق ئۇيغۇر قېنى بار، تۇرمۇشىمىزغا، تەرەققىياتىمىزغا، مەدەنىيىتىمىزگە، دەۋرگە تەسىر كۆرسەتكەن يەنە باشقا دۇنياۋى تەبىئىي پەن ئالىمنى ئاساسەن ئۇچرىتالمايمىز. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ساۋاق!...

بىزگە ئوخشاش تولىمۇ قەدىمىي بىر مىللەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي دەۋرلىرىدە زامانغا تەسىر كۆرسەتكەن تەبىئىي پەن ئالىملىرى بولمىسا، بۇ مىللەتنىڭ كۆڭلى نېمە بولماق؟! (ئاپتور بۇ تۇغرۇلۇق ئۆزىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئويلانغان ئېچىنىشلىق ئويلىرىنى ماڭىمۇ بىر نەچچە قېتىم بايان قىلغان ئىدى)...

خۇداغا شۈكرىكىم، 20 - ئەسىرگە كەلگەندە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە مەملىكىتىمىز ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى، تەرەققىي قىلدۇرۇشى نەتىجىسىدە دۇنياغا تونۇلغان نەچچە ئونلىغان تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىز، دوكتورلىرىمىز يېتىشىپ چىقتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان تونۇلغان تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىز قاتارىدا: قازاقىستان يېزا ئىگىلىك پەنلىرى ئاكادېمىكى ماخمۇتجان ئابدۇللايوفنى؛ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى تېخنولوگىيە پەنلىرى ئاكادېمىكى تۇرغان سۇپىيوفنى؛ مېدىتسىنا پەنلىرى دوكتورلىرى ئابدۇسەمەتوف رابىكىنى؛ مامدوۋا فلورانى؛ رۇسلان روزباقىيوفنى؛ كىلارا رەخمىتۇۋانى؛ تېخنولوگىيە پەنلىرى دوكتورى تمور يالتاشفنى؛ فىزىكا پەنلىرى دوكتورى ئابدۇرېشت ئەلىيوفنى؛ ئارختېكتورىيا پەنلىرى دوكتورى بەھرامجان گىلاۋدىنوفنى؛ يادرو فىزىكا پەنلىرى دوكتورى ئالكساندىر رەخموفنى؛ بىيولوگىيە پەنلىرى دوكتورى نىيازوف باھاۋۇدۇننى ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ، شۇنداقلا دىيارىمىزدىكى ھوشۇر ئىسلام باشلىق نەچچە ئونلىغان تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىز سۆزىمىزنىڭ ئىسپاتىدۇر.

شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسى، خەلقپەرۋەر زات مجىت ناسىر ئەپەندى يازغان «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت تەبىئىي پەن تۆھپىكارلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 60 نەپەر تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىز ئىچىدە ئايال تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىز ئون نەپەردىن ئوشۇق، تېخى ھايات، بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلمىگەن يەنە قانچىلىغان تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىزمۇ بار، ئۆتمۈش ۋە تۇنۇگۈنكى كۈنلەردە بۇنى كىممۇ خىيالغا كەلتۈرگەن!...

«تەبىئىي پەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەسكى، ئۇ ‹تەڭرىنىڭ بىرىنچى كىتابى› بولمىش تەبىئەتنىڭ تىلى، شۇڭا ئۇ تەبىئىي ۋە چىنلىققا ئىگە» (غەيرەتجان ئوسمان بىلىكيار) ئۇ قانۇنىيەتلىك، ئۆلچەملىك، باغلىنىشلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە ئىلىم - پەن، پەلسەپە يوشۇرۇنغان. ئىنسان ئالەمدىكى شەيئىلەرنىڭ مۇشۇ تەبىئىي قانۇنىيىتىنى ئىگىلىگەندىلا بىلىملىك، كۈچلۈك، ھەققانىيەتلىك ۋە گۈزەل - ئەخلاققا ئىگە ئېتىقادلىق بولىدۇ. قوۋم، مىللەت، دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ.

2015 - يىل سېنتەبىر، غۇلجا

---

ئاپتور: ئىلى ئوبلاستلىق رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى



غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

# مەن نېمىشقا شېئىر يازىمەن

مەن نېمىشقا شېئىر يازىمەن؟ تەنھالىقنىڭ بۇيۇكلۇكىنى مەدھىيەلەش ئۈچۈنمۇ؟ سۈكۈتنى قېزىپ، چۇقانلارنى ياڭرىتىش ئۈچۈنمۇ؟ مۇھەببەتنى تەننىڭ دەپسەندىلىكىدىن قۇتقۇزۇپ گۈزەل بىر كۈيگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟... بىلمەيمەن، بەلكىم شېئىر يېزىشىم بارلىق سەۋەبلەردىن تاشقىرىدۇر. ماڭا قۇياشتەك ئايان بولغىنى شۇكى - شېئىر يېزىش مېنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىم!

...

بۈگۈنكى كۈندە شېئىر يېزىش — بىر خىل ئويناشتىن دېرەك بەرمەكتە! بەزىلەر سۆزلەرنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ چېقىندانتسا، بەزىلەر سۆزلەرنى مەنىدىن قۇرۇقداپ ئويىنماقتا. ئۇلار ئېيتىدۇكى: شېئىر يېزىش — سۆزلەرنى ئويناشتۇر! كىمكى ئويناشلىرى داۋامىدا باشقىلاردىن ئۈنلۈكرەك ياكى ئۆزگىچرەك سۆزلىسە ئۇ مەشھۇر شائىردۇر. شۇنىڭ بىلەن زامانىمىزدا تۈركۈملەپ شائىرلار مەيدانغا كەلدى، شائىرلارنىڭ سانى ھەرقانداق زاماندىكىدىنمۇ كۆپ بولدى. ئۇلار مەنتىقنى، لوگىكىنى، ئىستىلىستىكىنى كېرەك قىلمىدى. ئەجدادلار ئەزەلدىن شېئىرنىڭ مۇھىم ئامىللىرى دەپ قاراپ كەلگەن ۋەزىن، تۇراق، قاپىيە، رىتىم... قاتارلىقلار شېئىرنىڭ ئەركىنلىكىگە توسالغۇ دەپ قارىلىپ رەت قىلىندى. شېئىر پۈتكۈل «ئىنسان»غا ئورتاقلاشتۇرۇلۇپ، شېئىردىكى مىللىيلىك تۈسى يوقالدى ياكى سۇسلىدى. ئازاب يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىقماستىن، كېسەل سۆزلەردە ئىڭرىماقتا... كەمىنە غوجىمۇھەممەدمۇ ئۆزىنىڭ ۋەتەن، ئەل، ئېتىقاد، مۇھەببەت... رىشتىلىرى بىلەن «بوغۇشلانغان» شېئىرلىرىدىن زېرىكىپ ئۇ خىل ئەركىن شېئىرلارغا مەپتۇن بولدى. ئۇ «شەكىل ئۆزگەرتىش» ئارقىلىق ئۈنۈمگە ئېرىشتىمۇ؟ قاراپ باقايلى، ئۇ بۇرۇنقى ئۆزىنىڭ ئازابلىق مۇھەببىتىگە، غېرىب قەلبىگە، ئىچكى دۇنياسىغا چوڭقۇرلاشتىن باش تارتىپ، سۆزلەرنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا، نالىسىگە، چېقىلىشىغا، رەڭلىرىگە ۋە ھەرىكەتلىرىگە بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى ئاز - تولا ئاشقان بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. زور كۆپچىلىك كىتابخانلىرى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى سېغىندى. راست، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى سېغىنماقتا. توۋا، ئۆتمۈشنى سېغىنىش،

دەيمۇ، دېمەيمۇ؟

ئۆتمۈشكە تەلپۈنۈش شائىرلارنىڭ ئورتاق
كەچۈرمىشىمىدۇ؟!

مەن نېمىشقا شېئىر يازىمەن؟... يازىمەن، چۈنكى،
مەندە چوڭقۇر ۋە يۈكسەك ئازاب تۇيغۇسى بار، بۇ ئازاب
كونكرېت ۋە ئېنىق بولمىغاچقا ئۈنلۈك يىغلاشقا باھانەم
يوق، پەقەت سۆزلەر ئارا ئۆرۈلۈپ - سوقۇلۇپ قەلب جا-
راھىتىمنى قانىتىمەن، مىسرالار ئارا غەمزە قىلىپلا غايىب
بولغان جانانغا تەلپۈنۈپ جۇدالىق ئازابىدا پۇچىلىنىمەن...
شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ، مەندىكى ئازاب ھەقىقەتەن
چوڭقۇر ۋە يۈكسەك، شېئىر بولسا بىر باھانە...

ھاياتنى شېئىر ئارقىلىق ياشىسام گۈزەللىككە ئېرىشى-
مەن. دۇنيانى شېئىر ئارقىلىق كەزسەم چەكسىز مەنزىللەر-
گە يېتىمەن. شېئىر يازغاچقا قەلبىم سەمىمىيلىك ۋە چىنلىققا
تولغان. دەرەخلەرنىڭ سالام - سەھىتىنى ئىلىك ئالىمەن،
قەبرىستانلىقنىڭ سۈكۈتىنى قوبۇل قىلىمەن، يۇلتۇزلارنىڭ
قايغۇسىنى چۈشىنىمەن. شەھەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى
ۋە سەھرانىڭ غەلۋە - ماجىرالىرىنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتى-
مەن. شېئىر ئارقىلىق شۇ قەدەر تەبىئىي، شۇ قەدەر ئەركىن-
مەنكى گويا تەبىئەتنىڭ مەركىزىدىن ھەر تەرەپكە
تارىلىمەن.

شېئىرغا قېلىپ بېكىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى،
قەلبتىكى ئىستەكلەر قېلىپقا چۈشمەيدۇ. كەلىمش ۋە تەق-
دىرنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ، لېكىن ھۆكۈم قىلغىلى بولماي-
دۇ، شېئىرمۇ شۇ يوسۇندا داۋام قىلىدۇ.

مەن نېمىشقا شېئىر يازىمەن؟ بۇ سوئال كاللامغا
كەلگەن چاغدا دەسلەپتە كۈلۈپ كەتتىم، كېيىن جىددىيلە-
شىپ چېكەمدىن قارا تەر قۇيۇلدى. پەرۋاسىز ئۆتۈپ كې-
تىشكە رايىم بارمىدى، نېملا بولمىسۇن بىر نېمە دېيىشىم
كېرەك. مەن نېمىشقا شېئىر يازىمەن؟!... تۇيۇقسىز بۇ
سوئالغا «چۈنكى مەن شائىر» دەپ ئەمەس، «چۈنكى،
مەن ئىنسان» دەپ جاۋاب بەرسەم تېخىمۇ مۇۋاپىق بولى-
دىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىنسان - رەببىسىگە ئېسىلىپ
تۇرۇپ ئاسىيلىق ئوتىدا پۇچىلانغۇچى، ئىنسان - ئۆلۈمنى
بىلىپ تۇرۇپ ئاڭا قاراپ ئىلگىرىلىگۈچى، ئىنسان - ئۆزىنى
چەكلەش ئۈچۈن قانۇن، مىزان، تەرتىپلەرنى بەرپا قىلىپ،
ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىركىشىدىغان بەندە... زىد-
دىيەتلىك تەقدىر بىزنى ئازاب بىلەن تارتۇقلايدۇ، بۇ
ئازاب دەل شېئىردۇر! تەبىئەتتە ھېچقانداق بىر مەۋجۇد-
لۇق ئىنسان كەبى ئازابنى ھېس قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە
ئەمەس. دېمەك، ھەر بىر ئىنسان شېئىرغا چۆمۈلۈپ ياشاي-
دۇ. مەن نېمىشقا شېئىر يازىمەن؟ چۈنكى، مەن ئىنسان!
مەن شېئىر يېزىش ئارقىلىق ئىگەمگە ئۆزۈمنىڭ «ئىنسان»
ئىكەنلىكىمنى دەۋاتىمەن.

شېئىر مېنىڭ بارلىقىم دېسەم بەزىلەر كۈلۈپ كېتىدۇ،
شۇڭا ئۇلارنى كۈلدۈرمەسلىك ئۈچۈن بارلىقىمنى شېئىر
ئارقىلىق كۈيلەيمەن!

مەن شەھەرنى سەھرادا تۇرۇپ، سەھرانى شەھەردە
تۇرۇپ كۈيلەشكە ئامراق. سەھرادا تۇرغان ۋاقتىمدا ياپيې-
شىل ئېتىز - قىرلار، رەڭگارەڭ گۈللەر ۋە شاختىن شاخقا
ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلار قەلبىمنى ھاياجانغا سالسىمۇ ئۇلار
ھەققىدە بىر نەرسە يازالمايمەن. شەھەردىمۇ ھەم شۇنداق،
ئېگىز ئىمارەتلەر، ئۇچقۇر ماشىنىلار ۋە ئالدىراش ئادەم-
لەر ئىچىمنى ئۆرتەيدۇ، لېكىن ئازابىمنى قەلەمگە ئالالماي-
مەن. نېمە ئۈچۈن؟!... بۇنى مەن مۇنداق چۈشەندىم:
سەھرادىكى ۋاقتىمدا سەھرا مەنزىرىلىرى قەلبىمگە شەكلەن
ئورنايدىكەن، شەھەردىكى ۋاقتىمدا بولسا سېغىنىش تۇيغۇ-
لىرى ئىچىدە ئۇ مەنزىرىلەر ھېسسىي ئوبرازلارغا ئايلىنىدى-
كەن ۋە ئىختىيارسىز ھالدا مېنى شېئىر يېزىشقا ئۈندەيدى-
كەن. مەن بۇنى توغرا دەپ قارىدىم، بىر پارچە شېئىر
كونكرېت شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدە نەق مەيداندا يې-
زىلسا ئوقۇرمەنلەرگە شۇ شەيئى ياكى ھادىسىنى سۈرەتلەپ
بېرىش ياكى ئۇچۇر يەتكۈزۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ،
شېئىرنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش تەس بولى-
دىكەن، ئەكسىچە، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار قەل-
بىمىزدە قايتا زاھىر بولىدىكەن، بۇ زاھىرەنلىكتە ھېلىقى شەيئى
ياكى ھادىسە شەكلەن كۆرۈنمەستىن چۈش كەبى گىرىمسەن
ۋە تۇيغۇلىرىمىز ئىچرە خاھىشىمىز بويىچە كۆرۈنىدىكەن. بۇ
چاغدىكى ئازاب ياكى خۇشاللىق ھېلىقى شەيئى ياكى ھادىسە-
نىڭ بولماستىن، بەلكى سىزنىڭ ئازاب ۋە خۇشاللىقىڭىزغا
ئايلىنىدىكەن.

شائىر شېئىر يازالمايۋاتقان ۋاقىتلىرىدا شېئىر ھەققىدە
كۆپرەك سۆزلەيدۇ. چۈنكى، شائىرنىڭ شېئىر يازالماسلىقى
كۆپىنچە ھالدا ئۇنىڭ شېئىرغا بولغان مۇھەببىتى ۋە مەسئۇ-
لىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بولىدۇ.

---

ئاپتور: شائىر، خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچىلار توشۇش باش بې-
كىتىنىڭ خادىمى



ئابدۇقادىر سەمەت

# تار دائىرىلىك جەمئىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ھادىسىسى

## — ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشچانلىق فۇنكسىيەسى ھەققىدە

**1. مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى**

كىشىلەر دائىم كۆپلىگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ يىلتىزىنى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ قالايمىقانلىشىشى ۋە جەمئىيەت تەشكىلىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن باغلاپ چۈشىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مەلۇم توپ ياكى مىللەتنى ئارقا كۆرۈنۈش، ئالاھىدىلىك شەكلىدە گەۋدىلەندۈرگەندە تېخىمۇ شۇنداق. مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىلى ھالقىسىنىڭ ئۈزۈلۈشى ياكى يوقىلىپ كېتىشى ئازسانلىق كىشىلەر توپىدا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ تەكرار كۆرۈلۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب. مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشقا تېخىمۇ قولاي بولۇشى ئۈچۈن، ماقالىدە «ئىجتىمائىي تەشكىلسىزلىك قارىشى» قىياسىنى نەزەرىيەۋى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، «تار دائىرىلىك جەمئىيەت» ئۇقۇمىنى تەدبىقلىدۇق.

«تار دائىرىلىك جەمئىيەت ياكى كىچىك كۆلەملىك جەمئىيەت» ئۇقۇمى دېگەندە، تېخى سانائەت جەمئىيىتىدىن ئىلگىرىكى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان، ئولتۇراقلىشىش كۆلىمى كىچىك، نوپۇس زىچلىقى تۆۋەن، يېزا - كەنت دەرىجىلىك سىياسىي تەشكىلدىن ئارتۇقراق تۈزۈمنى ئىختىرا قىلالمىغان توپنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، مەزكۇر ماقالىدە تېخىچە سانائەت جەمئىيىتىدىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي تۈزۈلمە مېخانىزمى ئەندىزىسىدە يۈرۈشۈۋاتقان ئەنئەنىۋى يېزا - كەنت جەمئىيىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. مۇئەللىپنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قاتلام مېخانىزمى ھېلىھەم تار دائىرىلىك جەمئىيەت لوگىكىسىغا ئەمەل قىلماقتا.

**2. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مۇراسىملىرى ۋە ئىجتىمائىي بىرلەشتۈرۈش مېخانىزمى**

ھەرقانداق بىر نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپ مېخانىزمى بىلەن يۈرۈشۈۋاتقان جەمئىيەتتە، جەمئىيەت تەشكىلىنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە بولغان بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي بىرلەشتۈرۈش ۋاسىتىلىرى بولىدۇ. بولۇپمۇ سانائەتلىشىشتىن بۇرۇنقى جەمئىيەت-

ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش

تە تېخىمۇ شۇنداق. «تار دائىرىلىك جەمئىيەت» ئاتالغۇ-
سىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغۇچىسى پىروفېسسور بودلېي
(Bodley.John) ئۆزىنىڭ «تەرەققىياتقا بەدەل تۆلىگۈ-
چىلەر» ناملىق ئەسىرىدە ئىنسانلارنى ھازىرقى سانائەت-
تىن كېيىنكى جەمئىيەتتە ئەنئەنىۋى جەمئىيەت مېخانىزمى
لوگىكىسىغا ئېتىبار بېرىش ۋە قايتا قاراپ چىقىشقا چاقى-
رىدۇ. شۇڭا تۆۋەندە بىز ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى جەمئىيىتىدە
مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ قالايمىقانلىششى ۋە جەمئىيەت
تەشكىلىنىڭ يىمىرىلىشىگە قانداق تەدبىر قوللانغانلىقىغا
قاراپ باقايلى.

(1) ئىقتىسادىي ياردەم مۇراسىمى — باراۋەت [1]

باراۋەت — ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇھىم فولكلور
پائالىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، دۆڭشياڭ مىللىتىدىكى
«تەڭ ئۆلۈش» (打平伙) پائالىيىتىگە ئوخشاپ كېتى-
دۇ. كۆپىنچە قىشتىكى دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرى-
دا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنىڭ باراۋەتنىڭ
ئالاھىدە تەرىپى، بۇ پائالىيەت ئارقىلىق ئىقتىسادىي قى-
يىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىشتۇر.

باراۋەتنىڭ جەريانى مۇنداق بولىدۇ. يۇرت - مە-
ھەللىدە قايسى ئۆيدە يوقسۇزلۇقتا «مورىدىن ئىس چى-
قىرالماسلىق» ئەھۋالدا قالسا، جامائەت شۇ ئۆيدە بارا-
ۋەت ئۇيۇشتۇرۇش پىكرىنى بېرىدۇ. ئەگەر شۇ ئائىلىدە
بېقىۋاتقان قويى بولسا شۇ قويدىن، بولمىسا باشقا
ئۆيدىن قويدىن بىرنى نەرقىنى دېيىشىپ سېتىۋېلىپ ئە-
كىلىدۇ. ئاندىن جامائەت شۇ ئۆيگە ئولىشىپ، قول -
قولچە قوينى سويىدۇ. قوي سويۇلۇپ، گۆشى پارچىلان-
غاندىن كېيىن، باراۋەت پائالىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقى-
سى — كىمئاشتى قىلىپ سېتىش باشلىنىدۇ. يەنى قوي
گۆشىنىڭ ئەڭ ئوبدان يەرلىرى كىمئاشتى قىلىنىپ، كىم
يۇقىرى باھا قويسا شۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ ۋە شۇ
پارچە گۆشنى تەقسىملەش ياكى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇ-
قى شۇنىڭدا بولىدۇ. ئاندىن قالغان گۆشنى تەڭ
پارچىلاپ شورپا سېلىنىدۇ. قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى
گۆشكە ئېغىز تېگىدۇ. ئۆزىگە تېگىشلىك گۆشنىڭ ئاشقى-
نىنى ئائىلىسىدىكى خوتۇن - بالىلىرىغا ئېلىپ كېتىشكىمۇ
بولىدۇ. كىمئاشتى قىلىنغاندا چۈشكەن پۇلدىن ئالدى
بىلەن قوينىڭ پۇلى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاشقان
قىسمىنىڭ ھەممىسى يۇرت - مەھەللىنىڭ ياردىمى سۈپىتى-
دە ئاشۇ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلى-
دۇ. بۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇزاقتىن بېرى گۆش يې-
يەلمىگەن ئائىلىلەر گۆشكە ئېغىز تېگىدۇ، ئەڭ مۇھىمى
ھېلىقى قىيىنچىلىقى بار ئائىلە ئۆز غۇرۇرىنى ساقلاپ
قالغان ئاساستا ياردەمگە ئېرىشىدۇ، ھېچكىشىگە قەرزمۇ
بولۇپ قالمايدۇ. ئاتۇش ئۇيغۇرلىرى بۇنداق باراۋەت
ئادىتىنى چۈشەندۈرگەندە پەخىرلىنىپ تۇرۇپ «بۇ
ئۇسۇل ئارقىلىق ئىنسانلىق غۇرۇرىنى ھۆرمەت قىلغان
ئاساستا يۇرتداشلارغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ» دېيىشى-
دۇ.

2006 - يىلى ئۇرۇمچىدە مەلۇم سەنئەتكار بىلەن
سۆھبەت جەريانىدا ئۇنىڭ باراۋەت توغرۇلۇق مۇنداق
دېگەنلىرىگە شاھىت بولدۇم: «باراۋەت ئۆتكۈزگەندە،
بەزىدە بىر قوينىڭ تۆش گۆشىلا 1000 نەچچە يۈەنگە
سېتىلىدۇ. باشقا يۇرتتىكىلەر بەلكىم خاتا چۈشىنىپ ئا-
تۇشلۇقلار بايلىقنى كۆز - كۆز قىلىۋاتىدۇ دېيىشى
مۇمكىن. ئەمما باراۋەتتە ئەگەر بىر قوينى 200 يۈەنگە
سېتىۋالغان بولساق، بويۇن گۆشنى 80 يۈەن ئەتراپىدا
كىم ئاشتى قىلىپ ساتقىلى بولىدۇ. بىر قانچە پارچە
گۆشنىڭ پۇلى بىلەنلا بىر قوينى سېتىۋالغان پۇلنى قايتۇ-
رۇپ تاپقىلى بولىدۇ. باراۋەتتىكى قوينىڭ پۇلنى كۆپچى-
لىككە تەڭ بۆلۈپ چاچسا ھەر ئادەمگە بەش يۈەن ئەترا-
پىدا كېلىدۇ. ئاندىن كۆپچىلىك ھەممىسى بۇ گۆشكە
ئېغىز تېگىدۇ، يۇرتتىكى گۆش يېيەلمەيدىغان ئائىلىلەرمۇ
بۇ پۇرسەتتە نەچچە يۈەن خەجلەپلا گۆش يېيەلەيدۇ.
يەنە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە غۇرۇرىغا زەخمەت يەتكۈز-
مەي تۇرۇپ ئىقتىسادىي ياردەم قىلغىلى بولىدۇ. بىز
«ئاتۇش مەشرىپى»نى سۈرەتكە ئالغىلى بارغاندا بارا-
ۋەتنى سەنئەتلەشتۈرۈپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتۇق. شۇ قې-
تىملىق پائالىيەتتىلا 60 — 70 مىڭ يۈەن پۇل يىغىلدى.
شۇ پۇلدىن قىزى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، قىيىنچىلى-
قى بار تۇغقىنىمنىڭ ئائىلىسىگە 5000 يۈەن تەقسىملەن-
گەندە، ئۇ «مەن ئائىلەمنى ئۆزۈم باقالايمەن» دەپ
ئالغىلى ئۇنىمىدى. بەزى ئائىلىلەردىكى كىشىلەر خەقنىڭ
قولىغا قاراپ قاپتۇ دەيدۇ، يەنىلا ئۆزىمىزگە تايىنىمىز
دەپ بۇنداق ياردەمنى ئالغىلى ئۇنىمايدۇ. بەزى بارا-
ۋەت سورۇنلىرىدا كىمئاشتىدا ھەقىقەتەنمۇ بايلىقتا بەسلە-
شىپ، قەستەن كۆپ پۇل چىقىرىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆ-

رولگەن. بىزنىڭ يۇرتتا بىر تويدىكى باراۋەتتە 800
يۇەنگە تۆت تۇياق قوي سېتىۋېلىپ كەلگەن. ئادەتتە
بىر كىلو گۆشكە ئەڭ كۆپ بولغاندا 200 يۇەن چىقىرد-
لاتتى. ئەمما بەزىلەر بايلىقتا بەسلىشىپ بىر كىلو گۆشكە
2200 يۇەن چىقىرىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا بىر قوينىڭ
گۆشى 7000 يۇەنگە سېتىلغان بولدى. ئاشقان 6000
نەچچە يۈز يۇەنگە بىر يۇرتتا بىر ئايدىن جىقراق بارا-
ۋەت ئوينىدۇق. يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاتناشتى.»

(2) قۇرداشلارنىڭ لاپقۇتچىلىقى ـــ تايىپ [2]

تايىپ سۆزى «تائىپە»دىن كېلىپ چىققان بولۇپ،
ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى جەمئىيەت
تەشكىلىنىڭ بىر خىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دوستلارنى
ئاساس قىلىپ تەشكىللەنگەن قۇرداشلار توپى بولۇپ،
ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرى، گېزەك تايىپ. بۇ ئاساسلى-
قى توي مۇراسىملىرىدا ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن ھەمكار-
لىق گورۇپپىسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى بولسا مەھەللى-
دىشلاردىن شەكىللەنگەن تايىپ بولۇپ، ئاساسلىقى قولۇم
- قوشنىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش،
قىش پەسلىدە مەشرەپ ئولتۇرۇشلىرى ئۆتكۈزۈش تەشكى-
للەنگەن، نىسپىي تۇراقسىزراق توپ. ئۈچىنچىسى جىلىك
تايىپ بولۇپ، كىچىكىدىن بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغان،
قىزىقىش ھەۋەسلىرىمۇ ئورتاق، مىجەز خاراكتېرى ئۆز-
ئارا كېلىشىدىغان دوستلاردىن سەككىزدىن 14 كىچە
كىشى ئارقىلىق تەشكىللەنگەن توپ. بۇنداق تايىپنىڭ
يۇرتتىكى كىشىلەر تۇرمۇشى ۋە مەشرەپ پائالىيەتلىرى
بىلەن مۇناسىۋىتى تولىمۇ زىچ بولىدۇ.

تايىپتا ئەزالار ئۆزلىرى سايلاپ چىققان بىر قازى
ۋە پاششاپ بولىدۇ. مەشرەپ پائالىيەتلىرىدە قازى
ھۆكۈم چىقىرىدۇ، پاششاپ ئىجرا قىلدۇرىدۇ. مەخسۇس
بوغالتىر تايىپنىڭ پۇلىنى باشقۇرىدۇ. قازى بىلەن
پاششاپ مەشرەپ پائالىيەتلىرىدە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا
قىلىشتىن سىرت، كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ تايىپ ئەزالىرى
ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك ئىشلار ۋە زىددىيەتلەرنىمۇ
ھەل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ياخشى قىلالمىسا ياكى داۋام-
لىق قىلىشنى خالىمىسا قوي ئۆلتۈرۈپ مەشرەپ ئۇيۇش-
تۇرۇپ ئاندىن ئۆز ۋەزىپىسىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ
بېرىدۇ.

بىر تايىپتىكى ئەزالار قۇرامىغا يېتىپ، توي - نىكاھ
ئىشلىرىنى ئويلىششقا باشلىغاندا باشقا ئەزالار بىلەن
مەسلىھەتلىشىپ، ئىككى كىشى بىر گورۇپپىدىن بولۇپ،
توي ئىشلىرىدا ئۆزئارا قولداش بولۇشىدۇ. يىگىتنىڭ
قولدىشى ئۆز تايىپىدىن چىقىدۇ، شۇڭا تايىپ ئەزالىرد-
نىڭ سانى كۆپىنچە جۈپ سان بولىدۇ. توي تۈگىگەندىد-
مۇ قولداش يىگىتكە ۋاكالىتەن مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ
تايىپ ئەزالىرىغا تەشەككۈرىنى بىلدۈرىدۇ. قىش پەسلى-
دىكى ئارىسال ۋاقىتلاردا يۇرتداشلار تايىپنى بىرلىك
قىلىپ نۆۋەتلىشىپ مەشرەپ ئوينىشىدۇ. ھەر قېتىملىق
مەشرەپنىڭ ساھىبخانى، ۋاقتى ۋە ئورنىنى قازى بىلەن
پاششاپ بېكىتىدۇ. قىش پەسلىدىكى مەشرەپ ئۆي ئىچى-
دە ئوينىلىدىغان بولغاچقا، تايىپ ئەزالىرى كىشى سانىنى
بېكىتىدىغان ۋاقىتتا ساھىبخانا ئائىلىنىڭ شارائىتىنى ئويلى-
شىپ ئون ئەتراپىدا بېكىتىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئەر -
ئايال كېلىپ 20 كىشى بولىدۇ. ئادەم سانى بەك ئاز
بولسا مەشرەپ قىزىمايدۇ، بەك كۆپ بولۇپ كەتسە
كۈتۈش ۋە سىغىشىپ ئولتۇرۇشقا بىئەپ بولىدۇ.

تايىپ ئەزالىرىنىڭ ئۆزىنىڭ چوڭ تويىدىن باشقا
يەنە كېيىنكى پەرزەنتلەرنىڭ سۈننەت تويى، قىز -
ئوغۇل تويى ياكى ماتەم مۇراسىملىرىدىمۇ بارلىق تەش-
كىللەش ۋە كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىنى تايىپ ئەزالىرى بىر-
لىكتە تاماملايدۇ. ئەزالارنىڭ ئاياللىرى نان يېقىش،
چاي قۇيۇش، قاچا يۇيۇش، قېتىق - قايماقلارنى تەييار-
لاش ۋە ئايال مېھمانلارنى كۈتۈش قاتارلىق ئىشلارغا
مەسئۇل بولىدۇ. ئەرلەر ئوتۇن يېرىش، شورپا سېلىش،
گۆش پارچىلاش، پولۇ ئېتىش، ئەر مېھمانلارنى كۈتۈش
قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ. توي ئىگىلىرى ۋە
تۇغقانلار بولسا ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ مېھمانلارنى
كۈتۈپ ئۇزىتىشقا قارايدۇ. مۇراسىملار تۈگىگەندىن
كېيىن ئاندىن ساھىبخان تايىپ ئەزالىرىنى ئايرىم چاقى-
رىپ مېھمان قىلىپ رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئىش قىلمىغان
ئەزالارنى باشقا ئەزالار سۆيلەپ، پىكىر بېرىپ ئۇلارنى
تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش قىلىشقا قايىل قىلىدۇ. يەنە
ئۇنىمىسا جەرىمانە قويىدۇ. ئەگەر تايىپ ئەزالىرى ئىچى-
دە ئوقۇتقۇچى، كادىر قاتارلىقلار خىزمەت سەۋەبىدىن
مۇراسىملاردا بولالمىسا ياكى ئىش قىلالمىسا فىدىيە ھې-
سابىدا 50 يۇەن ياكى 100 يۇەن تاپشۇرىدۇ. بۇ پۇل تە-
زىمغا ئېلىنىپ پاششاپ باشقۇرىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا

تايىپ ئەزالىرى ئىچىدە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم مۇراسىملىرى بولۇپ قالغاندا قارىشىپ ياردەملىشىدىغانغا ئادەم چىقمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ، ئەگەر تايىپ ئەزالىرىنىڭ قايىسسىنىڭ ئۆيىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلسە باشقا ئەزالار كېلىپ ياردەملىشىدۇ. ئاغرىپ قالسا نۆۋەتلىشىپ كېسەلگە قارايدۇ. يۇرتداشلار ئىچىدە بىراۋلارغا پىكىر تۇغۇلۇپ، يۈزتۇرا دېيەلمىگەندىمۇ تايىپ ئەزالىرىغا دەپ يەتكۈزۈشىدۇ.

ھازىرقى كىشىلەر ئۆزىنىڭ شەخسىي سىرىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان، باشقىلارغا دېيىشنى خالىمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۆتمۈشتە، ئەر - ئايال جېدەللىشىپ، ئايالى يامانلاپ كەتكەندىمۇ تايىپ ئەزالىرى باش بولۇپ زىددىيەتنى پەسەيتىپ، كوللېكتىپ بېرىپ ئايالنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ قوياتتى. شۇڭا بۇ يۇرتلاردا ئەگەر بىر كىشى مەلۇم تايىپقا تەۋە بولمىسا، تولىمۇ غېرىب، يېگانە ۋە تايانچىسىز قالىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ جىلىك تايىپ دوستلىرى بولمىسا تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا بۇ كىشىلەر ئادەتتە دەيدىغان «دوست، تايىپ» ئۇقۇمى شۇ جىلىك تايىپنى كۆرسىتىدۇ.

(3) يۇرۇش - تۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرىدىغان ۋە تۈزىدىغان مۇراسىم — مەشرەپ

مەشرەپ — ئۇيغۇر تىلىدا «يىغىلىش»، «توپلىنىش» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر ئەلئىچى مەدەنىيەت فولكلورىدا نەغمە - ئۇسسۇل، ئەدەپ - يوسۇن تەربىيەسى ۋە مېھماندارچىلىقنى بىر ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت. دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپ قاتارى مەشرەپ، سۈننەت توي مەشرىپى، توي مەشرىپى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇ تېپىك بولغان شادىمانلىق ئىچىدە تەربىيەلەش ئارقىلىق يۈرۈش - تۇرۇشتىكى نۇقسانلارنى تۈزىتىدىغان ۋە قېلىپلاشتۇرىدىغان مۇراسىم. شۇڭا ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە «بالاڭنى ئاۋۋال مەكتەپكە بەر، مەكتەپتىن يېنىپ مەشرەپكە بەر» دېيىلىدۇ. مەكتەپتە بالىلار بىلىم ئۆگەنسە، مەشرەپتە ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىدۇ.

مەشرەپتە ئەدەپ - قائىدىگە بويسۇنمىغان ياكى ناچار ئادەتلىرى بولغان ھۇرۇن، زابوي، ئوغرى، ئىشرەتپەرەس كىشىلەرگە جازا بېرىلىدۇ. ھەر قېتىملىق مەشرەپتە ئىشقا ئادىل ھۆكۈم قىلىدىغان، ئەل ئارىسىدا ئىناۋىتى بار بىر كىشى «يىگىتبېشى» ياكى «قازى»لىققا سايلىنىدۇ. جازا ئىجرا قىلىشتا ئاۋۋال ئەيىبىنى دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، باشقىلارنى ئەدەپ - قائىدىنى بۇزماسلىققا، ئەخلاققا رىئايە قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئۇيغۇرلار مەشرەپ ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، تۇرمۇش يوللىرىنى ئۆگىنىدۇ، ئەخلاقىي تەربىيە قوبۇل قىلىدۇ، جەمئىيەت ئۆلچىمىگە ۋە ئاممىۋى يوسۇنغا ماسلىشىشنى ئۆگىنىدۇ. شۇڭا مەشرەپ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئارتتۇرىدۇ. [3]

(4) جەمئىيەت كونتروللۇقىنى رېئاللاشتۇرىدىغان توپ — جامائەت [4]

ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىر ئاممىۋى قاراش بار: «يۇرتتا بىرەر كىشى سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ باشقىلار تەرىپىدىن ۋاقتىدا توسۇۋېلىنمىسا، تەربىيە قىلىپ تۈزىتىلمىسە، تەڭرى شۇ كىشىگە بېرىدىغان جازانى يۇرتتىكى ھەممەيلەنگە تەڭ بېرىدۇ.» شۇڭا ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جامائىتىدە كىشىلەر خاتا قىلمىش، ناچار ئادەتلەرگە قارىتا بىردەك نازارەت ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق ھېسسىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. دىندارلار تەشكىلى سۈپىتىدىكى جامائەت ئىنچىل ھالدا جەمئىيەت ئاممىسىنى يۇمشاق كونتروللاش (ھېسسىي كونتروللاش) رولىنى ئوينايدىغان ئاساسىي كۈچ بولۇپ كەلدى.

جامائەتنىڭ جەمئىيەت كونتروللۇقىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

بىرى، دىنىي سىستېما سۈپىتىدىكى جامائەت ئالدى بىلەن ئېتىقاد ئارقىلىق ئۆز قىلمىشىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، جامائەتنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ۋە ئۈلگىلىك رولى ئارقىلىق جەمئىيەت ئاممىسىنىڭ قىلمىشى قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئىمام مەسچىتلەردە ۋەز - نەسىھەت ۋە خۇتبە ئوقۇش ئارقىلىق جامائەتنىڭ قىلمىشىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىدۇ، تەكىتلەيدۇ، ئاندىن جامائەت ئارقىلىق ئائىلە ئەزالىرى، قولۇم - قوشنىلار ئارىسىدا تەسىر پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، جامائەت ئەزالىرى جامائەت پىكرى ئارقىلىق جەمئىيەت

ئۆلچەملىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ بەشىنچىدىن، جامائەت ساۋابلىق ئىشلارنىڭ پايدىسى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدىكى چاقىرىقلىرى ئارقىلىق جەمئىيەت ئۆلچەملىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قىممەت سىستېمىسى ئاللىبۇرۇنلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىممەت سىستېمىسىغا سىڭىشىپ ئۆتۈشۈپ بولغان بولغاچقا، پانىي دۇنيا، باقىي ئالەم، جەننەت، دوزاخ ئۇقۇملىرى ئەڭ ساددا شەكىل ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھىي ئالىمىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇنداق دىنىي دۇنيا قاراشنىڭ يىلتىزىدا دەل كىشىلەرنىڭ ئالەمدىكى سىرلىق قۇدرەت ۋە كۈچكە نىسبەتەن پەيدا بولغان ۋەھىمە پسىخىكىسى ياتىدۇ. مانا بۇ دىنىنىڭ مەۋجۇتلۇق تۈپرىقى، دىنىي چاقىرىقلارنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. مۇئەللىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا جامائەتنىڭ دائىم ئىمامدىن ئۆزى كۈندىلىك تۇرمۇشتا يولۇققان رېئال مەسىلىلەر توغرۇلۇق سوراپ، دىنىي ئەھكاملارغا مۇناسىپ جاۋاب ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

جامائەت ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىر ئائىلىنىڭ ئائىلە باشلىقى، چوڭى بولۇپ، ئۇلار ئائىلىدىمۇ مەلۇم نوپۇزغا ئىگە. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى تەبىئىيلا ئائىلە ئەزالىرىنىڭمۇ ئۆلگىسىگە ئايلىنىدۇ، شۇنداقلا ئائىلە ئەزالىرىدىنمۇ مۇشۇ ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇنلىشىشنى تەلەپ قىلىنىدۇ. بولمىغاندا شۇ كىشى جامائەتتىن، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

جامائەت تويىنىڭ جامائەت پىكرى تەسىر كۈچى تولىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى دىنىي يوسۇنلارغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىدىغان خاتا قىلمىشتىن بىرەرنى سادىر قىلغان بولسا، بۇ ئۇچۇر جامائەت ئىچىدە تېزلا تاراپ، غۇلغۇلىغا سەۋەب بولۇپ، جامائەتنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. بۇنداق ئەيىبلەش خاتالىق سادىر قىلغۇچىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ نام - ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، ئۇنىڭ جامائەت ئارىسىدىكى ئورنى، ئىناۋىتىمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئەتراپتىكى ئىش - پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى جامائەت ئەخلاقى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ. جامائەت سەدىقە، يوقسۇللارغا ياردەم بېرىش، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارغا قاتنىشىش قاتارلىق ھەر خىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. كىشىلەر «كائىناتنىڭ ئىگىسى» ھېسابلانغان تەڭرىگە تېۋىنغاندەك، شۇ قۇدرەت ئىگىسىگە يېقىن تۇرغۇچىلار ھېسابلانغان جامائەتتىنمۇ ھېيىقىدۇ. مانا بۇلار جامائەتنىڭ جەمئىيەتنى كونتروللىشىنىڭ ئىشقا ئېشىشىدىكى ئاساس ۋە ئىچكى سەۋەبتۇر.

**(5) ھۈنەر - كەسىپ پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش قوللانمىسى — رىسالە**

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ھەر خىل كەسىپلىرىنىڭ ئۆز رىسالىسى بار بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، كۆن - خۇرۇمچىلىق... قاتارلىق 30 نەچچە ساھەگە چېتىلىدۇ. رىسالىلەرنىڭ مەزمۇنى كۆپىنچە شۇ كەسىپنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئالاھىدىلىكى، پەرھىزلىرى، شۇغۇللانغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر، شاگىرتلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر، ئۇستام - شاگىرت مۇناسىۋىتى، كەسىپنىڭ ھۈنەر تەرتىپى، ئىش ھالقىلىرى ۋە بۇ جەرياندا ئەمەل قىلىدىغان كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2013 - يىلى 7 - ئايدا ئۈرۈمچىدە، بىر يۇمشاق دېتال شىركىتىنىڭ دىرېكتورى مۇئەللىپكە مۇنداق دېدى: «قەشقەردىن تېپىپ كېلىنگەن ھەر خىل رىسالىلەر، مەسىلەن قاسساپلىق رىسالىسى، ساپالچىلار رىسالىسى... قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنىدا نۇرغۇن دىنىي تەركىبلەر بار ئىكەن. مەسىلەن، قوي سويغاندا تەكبىر ئېيتىش، پىچاق ئىتتىك بولۇش، ئوقۇلىدىغان دۇئا قاتارلىقلار. دىنىي ئامىللاردىن سىرت يەنە نۇرغۇن ئىنچىكە ھالقىلار، مەسىلەن، تېرىسىنى قانداق ئاجرىتىش، ئىچ باغرىنى قانداق ئېلىش قاتارلىقلار يېزىلىپتۇ. قەشقەردە بەزى تىجارەتچىلەرنىڭ تىجارىتى روناق تاپمىسا، دوست - بۇرادەرلىرىنى يىغىپ، رىسالە ئوقۇتۇپ، دۇئا ئالىدۇ. بۇ رىسالىنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەر كەسىپنىڭ كەسپىي ئەخلاق قوللانمىسى. شۇڭا بىر قاسساپ رىسالە ئوقۇغان بولسا، كىشىلەر ئۇ كىشىنى شۇ رىسالىدىكى كەسپىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلىدۇ، تارازىدا كەم بەرمەيدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تىجارىتى يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، شۇڭا رىسالە مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كەسپىي قىلمىشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.»

رىساللەر ھۈنەر - كەسىپلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ تۇرغانلىقتىن، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە ئوينايدىغان رولى تولىمۇ ئۈنۈملۈك. چۈنكى، رىساللەر شۇ كەسىپنىڭ ئىش ھالقىلىرىنىلا ئۆلچەملەشتۈرۈپ قالماستىن، كەسىپ ئىگىسىنىڭ كەسپىي ئەخلاقىنىمۇ قېلىپلاشتۇرىدۇ، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەت ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

(6) ياراشتۇرۇش مۇراسىمى — چاي ئىچىش

ئۇيغۇرلاردا ئەگەر قولۇم - قوشنىلار ياكى دوستلار ئارا ئارازلىق، زىددىيەت كۆرۈلۈپ قالسا، ئارىدىن بىرەيلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇپ قويىدىغان ئادەت بار. ياراشتۇرغۇچى ئالدى بىلەن ئىككى تەرەپكە ئايرىم - ئايرىم خىزمەت ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئىككى تەرەپنى، ئۇلارنىڭ دوستلىرى ئەڭ مۇھىمى شۇ يۇرت - مەھەللىدىكى ئىناۋەتلىك مويسىپىتلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ، شۇ سورۇندا ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويىدۇ. تۆۋەندىكىسى مۇئەللىپ 2013 - يىلى 2 - ئايدا تەكشۈرۈشتە ئېرىشكەن سۆھبەت خاتىرىسى:

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى XX نىڭ ئاغزىدىن: كەلپىن ئۇيغۇرلىرىنىڭ چاي ئىچىش مۇراسىمى ھەقىقەتەنمۇ تەشەببۇس قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇراسىم. يۇرتتا ئىككى ئائىلە ئارازلىشىپ قالغان بولسا، ئۇلارنىڭ دوستلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چاي ئىچىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، قوي سويۇپ ياكى شورپا سېلىپ يۇرت ئاقساقاللىرى ۋە دوست - بۇرادەرلەرنى مېھمان قىلىپ، ئاندىن شۇ سورۇندا ئىككى تەرەپنى ئۆز ئارا ناماقۇللۇق سورىتىشىپ، كېلىشتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ئىككى ئائىلە ئەپلىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ پەيت تېپىپ بىر - بىرىنى مېھمان قىلىپ، كونا ئاداۋەتلەرنى يۇيۇپ تاشلايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى ياراشتۇرۇپ، يېقىنلاشتۇرىدىغان پائالىيەتنى كىشىلەر ساۋابلىق دەپ تالىشىپ قىلىدۇ.»

(7) قاتار چاي

قاتار چاي بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە ئومۇملاشقان بىر خىل ئىجتىمائىي يوسۇنلارنىڭ بىرى. بۇ چاي شەكلى ئۇيغۇرلارنىڭ توي چېيى، ناماقۇللۇق چېيى، مەسلىھەت چېيى قاتارلىق ئەنئەنىۋى چايلاردىن كېيىن زامانىۋى تۇرمۇشقا ماسلاشتۇرۇپ بارلىققا كەلگەن بىر خىل خانىم - قىزلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە چېيى ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، قاتار چاي 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا ئۈرۈمچىدە ۋە قەشقەردە بارلىققا كەلگەن، كېيىن تۈرلىرى كۆپىيىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان [5] بۇ يوسۇن ھەتتا بېيجىڭ، لەنجۇ قاتارلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ بىر مەزگىل ئەۋج ئالغان. قاتار چاي دەسلەپتە تونۇشۇش، سىردىشىش، كۆڭۈل ئېچىش ۋە دوستلىشىشتىن ئىبارەت فۇنكسىيەلەرنى مەقسەت قىلغان بىر ئاممىۋى پائالىيەت ئىدى. كېيىن ساخاۋەت، ياردەم ۋە مەسلىھەت قاتارلىق فۇنكسىيەلەر قوشۇلۇپ قاتار چاينىڭ جەمئىيەتتىكى ئاكتىپ ۋە پايدىلىق تەرەپلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. قاتار چاي ئادەتتە 5 - 10 دىن 15 - 20 گىچە خانىم قىزلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئاساسەن ساۋاقداشلار چېيى، خىزمەتداشلار چېيى، يۇرتداشلار چېيى ۋە سودىگەرلەر چېيى قاتارلىق نۇرغۇن تۈرلەرگە كېڭىيىپ بارغان. ھازىر بەزى بىر قىسىم ئەرلەر ئارىسىدىمۇ يۇرتداش، خىزمەتداش، ساۋاقداشلارنى ئاساس قىلغان ئەرلەر چايلىرىمۇ قىسمەن مەۋجۇت. لېكىن ئاياللار قاتار چايلىرى مەيلى كۆلەم، مەيلى ماكان - زامان نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر ساخاۋەت ئىشلىرىنى ئاساس قىلغان مېھرىبان ئانىلار چېيى ۋە مېھرىبان ئاتىلار چايلىرى قاتار چاينىڭ بىر تەركىبىي قىسمى شەكلىدە سانى كۆپ بولغان، يىغىلىدىغان پۇل كۆپ بولغان، ئاجىز - يورۇقلارغا، ئوقۇشسىز بالىلارغا ياردەم قىلىشنى ئاساس قىلغان ساخاۋەت چېيى سۈپىتىدە جەمئىيىتىمىزدە ئالقىشقا سازاۋەر بولماقتا. قاتار چاينىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شەكلىي تەرتىپلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قېلىپلىشىپ ۋە قائىدىلىشىپ باردى. قاتناشقۇچىلارنى بېكىتىش، ئورۇن - ۋاقىتنى كېلىشىش ۋە پۇل ئۆلچىمىنى بېكىتىش، مۇددەت ئىچىدە يىغىلىپ تاماقلىنىش، مۇڭدىشىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش، پۇل يىغىش ۋە كېيىنكى چاي ئۆتكۈزگۈچىنى بەلگىلەش قاتارلىق تەرتىپلەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. پۇل سوممىسى 50 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە قاتار چاي قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. نەنجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن زەبىرە ئەخمەتجان «ئۇيغۇر چاي مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات - بورتالا شەھىرى مە-

سالىدا» (2013) ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسىدە قاتار
چاينىڭ بارلىققا كېلىشى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە
تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك دەپ كۆرسەتتى. بىزنىڭ تەھلىلىمىزچە، قاتار چاي
ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى،
خىزمەت بېسىمى ۋە تۇرمۇش بېسىمىنىڭ ئېشىشى، كىشى-
لەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئېھتىياجى بىلەن شەكىللەنگەن.
كېيىن قاتار چاينىڭ بۇ خىل سىردىشىش ۋە دوستلىشىش-
نى مەقسەت قىلغان ئالاقە پائالىيىتى ساخاۋەت، پسىخىك
مەسلىھەت، بالا تەربىيەسى، سالامەتلىك ۋە تۇرمۇشتا
ياردەم قاتارلىق نۇرغۇن ئاكتىپ مەزمۇنلار بىلەن
بېيىپ، بىر خىل ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇش كۈچىنى تەشكىل
قىلغان. گۆھەرگۈل مۆمىنىنىڭ «ئۇيغۇر قاتار چايلىرى
ھەققىدە تەتقىقات»دا قاتار چاينىڭ خانىم - قىزلار بەسلە-
شىش، شۆھرەتپەرەسلىك، نوقۇل كۆڭۈل ئېچىشنى
ئاساس قىلىش ۋە ئۆي ئىشىغا تەسىر يەتكۈزۈش ۋە بالا
تەربىيەسىگە يېتىشەلمەسلىك قاتارلىق سەلبىي تەرەپلىرىنى-
مۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، بۇ تەرەپلەرنىڭ قىسمەن ھادىسە
ئىكەنلىكىنى شەرھلىگەن. ئومۇمەن، قاتار چاينىڭ ئىج-
تىمائىي ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئۆزئارا ياردەمدە بولۇش،
مەسلىھەت بېرىش، يېتىم - يېسىر ئوقۇشسىز بالىلارغا
خەير - ساخاۋەت قىلىش ۋە مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش قا-
تارلىق تەرەپلىرى بىلەن ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش، مۇ-
قىملىق ۋە ئىناقلىقنى قوغداشتا ئاكتىپ تەسىرىنى ئېتىراپ
قىلماي بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھازىر ئۈندىدارنى
مەركەز قىلغان ساخاۋەتچى دوستلار توپى، ساخاۋەتچى
تۇغقانلار توپى ۋە ساخاۋەتچى قوشنىلار توپى قاتارلىق
ئىجتىمائىي توپلار قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر جامائىتىدىكى
ئۆلۈم - يېتىم، كېسەل - يورۇق ۋە ئاجىز - مېيىپلەرگە
مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشنى ئاساس قىلغان يېڭىچە ئىجتىما-
ئىي ئۇيۇشمىلار بارلىققا كېلىپ، ئىناق ۋە مۇقىم جەمئى-
يەت قۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئويناماقتا. [6]

### 3. خۇلاسە ۋە مۇھاكىمە

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلىگەندە، ئەنئەنىۋى جەمئى-
يەت ھەر خىل ۋاستىلەر ۋە ئىجتىمائىي مېخانىزملار ئار-
قىلىق جەمئىيەت تەشكىللىنىڭ يىمىرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئال-
دۇ. ھەممىدە ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا
بۇنى راۋاجلاندۇرۇپ جەمئىيەت تەشكىللىنىڭ يىمىرىلىشى-
گە تاقابىل تۇرىدىغان تەدبىرلەر سىستېمىسىنى بارلىققا
كەلتۈردى. شۇڭا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەدەنىيەت
يىمىرىلىشكە نىسبەتەنمۇ ئىممۇنىتېت كۈچى بولىدۇ. بۇ
خۇلاسىدىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر مۇنداق بىر سوئال-
نى سورىشى مۇمكىن: «ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنىڭ بۇنداق
جەمئىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئىقتىدارى سانائەت جەمئىيىتى
ياكى سانائەتتىن كېيىنكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ھالىتى-
دىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالامدۇ؟» بۇنىڭغا نىسبەتەن،
مۇئەللىپنىڭ پىكرى شۇكى، كۆزئالدىمىزدىكى ۋەزىيەتتە
نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇرۇشۇش مېخانىزمى
تېخى ئاڭلىق يوسۇندا زامانىۋىلىق ھالىتىگە ئۆتۈپ بو-
لالمىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنى-
يەت قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىلمىگەن ياكى سىرتقى
توسالغۇلار ئاز بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەنئەنىۋى مەدە-
نىيەتنىكى بۇ تەدبىرلەردىن پايدىلىنىپ ئىجتىمائىي بۇرۇ-
لۇش مەزگىلىدە پەيدا بولىۋاتقان ھەرخىل ئىجتىمائىي
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ تەدبىرلەر
ئۈنۈملۈك بولۇپلا قالماي، ھۆكۈمەتنىڭ جەمئىيەتنى باش-
قۇرۇشتىكى سېلىنمىسىنى زور دەرىجىدە ئازايتقىلى
بولىدۇ.

دەسلەپتە تىلغا ئېلىنغان «ئىجتىمائىي مەسىلىلەر نې-
مىشقا دائىم بىرقانچە ئاز سانلىق كىشىلەر توپىدا مەركەز-
لىك كۆرۈلىدۇ؟» دېگەن سوئالغا قايتساق، مۇئەللىپنىڭ
قارىشىچە، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىكى كەسكىن بۇرۇلۇش
مەزگىلىدە، بىر توپنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلمى-
سى يىمىرىلىپ كەتكەن، توسالغۇغا ئۇچرىغاندا، بۇ توپتا
بىرقەدەر ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كۆرۈلىدۇ. ھەتتا
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە رېئاللىققا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان
ياكى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىش ياكى
شۇنداق كۈچنى تەشكىللەش تەسكە توختايدۇ. مەدەنى-
يەتنىڭ ئۆلگىلىك ئىقتىدارى يوقىلىپ، ئىجتىمائىي مەسىلە-
لەر كۆنسايىن ئېغىرلاپ كېتىدۇ. شۇڭا بىز بۇنداق ئەنئە-
نىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى-
نىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك.

ئەنئەنىۋى ئىلغار مەدەنىيەت مېخانىزمى مەيلى ئا-
مىنىڭ كۈچىگە تايانسۇن ياكى مۇراسىم پائالىيەتلىرى
ئارقىلىق بولسۇن، مۇنداق بىر پاكىتنى ئىسپاتلاپ تۇ-
رۇپتۇ: «ئەنئەنىۋى جەمئىيەت بارلىق ئۇسۇل ۋە ۋاستە-

لەرنى قوللىنىپ جەمئىيەت تەشكىلىنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشى ۋە ۋەيران بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى ھازىرقى سانائەت جەمئىيىتى كۆچەپ تەكتىلەۋاتقان سىرتقى قاتتىق قوللۇق ئارقىلىق كونترول قىلىش مېخانىزمىنىڭ ئۈنۈمىدىن كۆپ ياخشى بولىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەتنى تۈزەش تەدبىرىنىڭ سىلىنمىسى ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى بىر قىسىم رايونلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قارىتا «قان سېلىش شەكلىدىكى مېخانىزمدىن قان ياساش تىپىدىكى مېخانىزمغا ئۆزگەرتىش» تەكىتلەنمەكتە. ھەتتا تەرەپتىن رېئاللىقىمىزغا ماس كەلمەيدىغان مەدەنىيەت ئەندىزىلىرى ياكى تەسەۋۋۇرلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئىقتىسادىي ۋە ماددىي تەرەققىياتنىلا تەكىتلەپ، بۇ ئەندىزىلەردە «يەر ـ سۇغا ماسلاشماسلىق» كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقىغىمۇ نەزەر سالمايۋاتىمىز. روشەنكى، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئەندىزە «قان ياساش تىپىدىكى مېخانىزم»نىڭ راۋان يۈرۈشۈشى بولسا، بۇ مېخانىزمنىڭ قۇرۇلۇشى بىزدىن بىر قىسىم ئىلغار ئەنئەنىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

زامانىمىزدا، ئىنسانشۇناسلىق بىلىملىرى بىلەن قوراللانمىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىدە، ئەنئەنە قالاقلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدۇ. بۇنداق پىكىر كىشىلەرگە ئەنئەنىۋى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۈنۈملۈك تەجرىبە ـ ساۋاق تىندۇرمىلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى. بۇ ساۋاقلارنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيلىك تەرەققىياتى تارىخىغا ياندىشىپ كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇردۇ. شۇڭا ھازىرقى پەيتتە جەمئىيەت تەرتىپىنى تۈزەش قاتلىمىدىكىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە ــ ئەنئەنىگە قانداق قاراش ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى.

**ئىزاھلار:**


[1] ئابدۇقادىر سەمەت: «رايون ئورتاق تونۇشى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە» (D)، بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى، 2007 ـ يىلى.

[2] رەيھانگۈل ئىمام: «تۇرمۇش كونتېكىستىدىكى ئاۋام يۇمۇرلىرى» جۇڭگو مىللەتلىرى، 2008 ـ يىلى 2 ـ سان.

[3] ئابدۇقادىر سەمەت: «ئۇيغۇر مىللىتىدىكى ‹جامائەت› توپى ھەققىدە تەتقىقات» [ J ]. غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى، 2000 ـ يىلى 3 ـ سان.

[4] گۆھەرگۈل مۆمىن: «ئۇيغۇر قاتار چايلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2014 ـ يىللىق ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى.

[5] زەبىرە ئەخمەتجان: «ئۇيغۇر قاتار چايلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2013 ـ يىللىق ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى.

[6] قاتار چاي قىسمىنى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ مەدەنىيەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇۋەلى كېرەم غولبۇيى تولۇقلىغان.


---


ئاپتور: غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى ئىنستىتۇتى دوتسېنتى، دوكتور.


تەرجىمانلار: **ئابدۇۋەلى كېرەم غولبۇيى**، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ مەدەنىيەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى؛ **مۇنىردىن شەمشىدىن**، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ مەدەنىيەت ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورانتى.



«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991




## گۈل ئېچىلىشتىن ئاۋۋال...

ئەيساجان تۇردى ئاچچىق

1

كىتابقا ئارقىسىنى قىلىۋالغان قوۋم، بەخت قەلئەسىنىڭ ئاچقۇچىنى مەڭگۈ تاپالمايدۇ.

2

ئۆيۈڭنى زىننەتلەشتىن ئاۋۋال، ئۆزۈڭنى زىننەتلە ۋە قەلبىڭنى رېمونت قىل!

3

★ ياشاش — نەپسى بىلەن قىلىنغان كەسكىن كۈرەش.

★ ئۆمۈر — ئۆلۈم ئۈچۈن جاۋاپ ئىزدەش جەريانى.

★ ئادەم — يېزىلىۋاتقان كۆپ قىسىملىق رومان.

★ ئازاب — ھاياتلىقنىڭ تېتىتقۇسى.

★ ياخشىلىق — ئىككى دۇنيالىق يول خېتى.

★ بەخت — ئارزۇ بوستانلىقىغا يېقىنلاشقان قۇش.

★ ئىجادىيەت — ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى.

4

بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ قانداق ئۇلۇغۋار سۆزلەرنى قىلغانلىقىدا ئەمەس، ئۆزىنى قانداق ئۇلۇغۋار ئىشلارغا بېغىشلىغانلىقىدا.

5

هايالىق ئاياللارنىڭ چېھرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان نۇر - ئەخلاقسىز ئەرلەرنىڭ ئېغىزىغا ئۇرۇلغان قامچا. نومۇسسىز قىزلارنىڭ كۆزىدىن يېنىۋاتقان شەھۋەت ئوتى - شاللاق ئەرلەرگە ئەۋەتىلگەن چاقىرىقنامە.

6

ئۆلۈم بولغاچقىلا ھايات قىزىقارلىققا ھەم گۈزەل مەنىگە ئىگە قىلىنغان. بەزىلەر «ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى»نى تېۋىپلارنىڭ «دورا خالتىسى»دىن ئىزدەشمەكتە. چىن ئاشىقلىق، ياخشىلىق، مېھىر - مۇھەببەت ۋە ئىجادىيەت دەل ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىدۇر.

7

★ ئىناقلىق — ئىنسان بالىسىنىڭ ئەڭ يارىشىملىق كىيىم - كېچىكى.

★ ئەخلاق — ئىنسان بالىسىنىڭ مەڭگۈ مودىدىن قالمايدىغان زىبۇ - زىننىتى.

★ ئىلىم — ئىنسان بالىسىنىڭ مەڭگۈ خورىمايدىغان ئېنېرگىيە مەنبەسى.

★ ساغلاملىق — ئىنسان بالىسىنىڭ بىخەتەر يول يۈرۈش كىنىشكىسى.

★ ئوڭۇشسىزلىق — ئىنسان بالىسىنىڭ ئەڭ زامانىۋى تەجرىبىخانىسى.

★ ئۈمىدۋارلىق — ئىنسان بالىسىنى ئالغا يېتەكلەيدىغان مەنىۋى بايراق.

★ تىرىشچانلىق — ئىنسان بالىسىنىڭ مەغلۇبىيەتنى تەلتۆكۈس يوقىتىشتىكى يادرو ئوقبېشى.

8

بەزىلەر سېنىڭ نېنىڭنى يەيدۇ، غېمىڭنى يېمەيدۇ. بەزىلەر غېمىڭنى يەيدۇ، نېنىڭنى يېمەيدۇ. بەزىلەر نېنىڭنىمۇ يەيدۇ، غېمىڭنىمۇ يەيدۇ. بەزىلەر بولسا نېنىڭنىمۇ يېمەيدۇ، غېمىڭنىمۇ يېمەيدۇ.

9

قاغا بالىسىنىڭ ئاپپاق تۇغۇلىشىنى خالىمايدۇ، ھۆپۈپ بالىسىنىڭ بۇلبۇلغا ئايلىنىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلمايدۇ. ھەلەپ بىلەن قورساق تويغۇزۇش — كالىنىڭ بەختى، سۈيدۈك پۇراش — ئېشەكنىڭ خۇشاللىقى، سۆڭەك غاجاش — ئىتنىڭ مەختىسى. ئېشەكنىڭ بويىنىغا ئالتۇن زەنجىر ئېسىپ قويساڭمۇ، كالىغا بەتتە پولو ئېتىپ بەرسەڭمۇ، ئىتنى ماختاپ قەسىدە يېزىپ ئوقۇپ بەرسەڭمۇ بەرىبىر.

10

ياخشى دوست سوغۇقتا نوركا چاپانغا، ئىسسىقتا سايىۋەنگە، قورسىقىڭ ئاچقاندا بىر بۇردا نانغا، ئۇسساپ كەتكىنىڭدە بىر قاچا دوغاپقا ئايلىنىپ بېرەلەيدۇ.

11

★ ھاياتلىق سەپىرىڭدىكى بەزى خادا تاشلار كۆزۈڭگە گۈل بولۇپ كۆرۈنەلەيدۇ.

★ ئازغان چاغلىرىڭدا سېنى داۋالاۋاتقان دوختۇرمۇ كۆزۈڭگە دۈشمەندەك كۆرۈنىدۇ.

★ ھەر بىر شەيئىنىڭ رىزىقى شۇ شەيئى بىلەن ئەسلا كېلىشەلمەيدىغان يەنە بىر شەيئىنىڭ مەينەت ئالقىنىدا پاكىز ساقلىنىدۇ.

13

ئۆيلەر يېقىنلاشتى، قەلبلەر يىراقلاشتى. قوشناڭ كۆپەيسە مەھەللەڭنىڭ ماسسىسى ئاشىدۇ. ئۆيلەرنىڭ يېقىنلاشقانلىقى قەلبلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى تەلتۆكۈس ھەل قىلالمايدۇ. قەلبلەر قەلبلەرگە «يول خېتى» كېسىپ بەرگەندىلا دۇنيانىڭ مېھىر - مۇھەببەت بولاقلىرى ئېچىلىدۇ. گۈل ئېچىلىشتىن بۇرۇن كۆزۈڭ ئېچىلىشى كېرەك، بولمىسا سەن ئۈزمەكچى بولغان گۈل ئۈزۈلۈپ بولغان بولىدۇ.

14

شۇنداق بىر كىشىڭ بارمۇ؟ ئۇ سېنىڭ خۇشاللىقىڭدىن ھۇزۇرلىنالامدۇ؟ قايغۇڭدىن ئازابلىنالامدۇ؟... ئەگەر شۇنداق كىشىڭ بار بولسا، سەن بۇ دۇنيادا بار بولغان بولىسەن.

15

تەبىئەتتىكى ھەر بىر شەيئى ئانىلارنى مەدھىيەلەپ ناخشا ئوقۇماقتا ھەم بىز بالىلارغا تاتلىق پىچىرلىماقتا:

قۇياش: «ئانىلار مەندىنمۇ بەك نۇرلۇق» دېدى.

ئاي: «ئانىلار مەندىنمۇ بەك چىرايلىق» دېدى.

بۇلاق: «ئانىلار مەندىنمۇ بەك خاسىيەتلىك» دېدى.

دەريا: «مەن ئۇسسىغان جايلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئانىلاردىن ئۆگەنگەن» دىدى.

گۈل: «خۇش پۇراقلىرىمنىڭ مەنبەسى ئانىلاردۇر» دېدى.

يۇلتۇزلار: «مەن ئەسلىدە ئانىلارنىڭ كۆز نۇرى ئىدىم» دېدى.

دېڭىز: «مېنىڭ باغرىم ئانىلارنىڭكىدەك كەڭرى بولغان بولسا مۇرادىمغا يېتەتتىم» دەيدۇ.

كۆۋرۈك: «بىز ئانىلاردەك چىدامچان بولغان بولساق، ئىشچىلار بىزنى قايتا سالمىغان بولاتتى» دېيىشمەكتە...

قار: «بىز ھەرقانچە قىلىپمۇ رەڭگىمىزنى ئانىلارنىڭ قەلبىدەك ئاقارتالمىدۇق» دەپ ۋايىسىماقتا...

شام: «مەن بەدەل تۆلەشنى ئانىلاردىن ئۆگەنگەن» دەپ پىچىرلىماقتا...

16

ئۇ يۈزىگە گىرىم قىلدى، سەن كۆزۈڭگە گىرىم قىلدىڭ، مەن بولسام سۆزۈمگە گىرىم قىلىشقا مەجبۇر بولماقتىمەن. ھەممىمىز ئۆزىمىزنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندۇق، گىرىمچىنىڭ خېرىدارى كۆپەيدى.

17

بىر تال تاش تاغ بولالمايدۇ، بىر تۈپ دەرەخ ئورمان بولالمايدۇ، بىر تال قۇم بارخان بولالمايدۇ، بىر تامچە سۇ دەريادا ئۆركەشلەپ ئاقالمايدۇ... تاشلار يىغىلىپ تاغ بولالىغان، دەرەخلەر توپلىنىپ ئورمان بولالىغان، قۇملار بىرلىشىپ بارخان بولالىغان، تامچىلار يىغىلىپ دېڭىز بولالىغان.

18

★ ئوقۇتقۇچى ــــ ئەڭ گۈزەل باغ، سەن قانداق گۈل ئۈزمەكچى بولساڭ ئۇنى تاپالايسەن.

★ ئوقۇتقۇچى ــــ ئەڭ زامانىۋى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى، سەن ھەرقانداق كېسەلگە مۇپتىلا بولساڭ شىپالىق تاپالايسەن.

ئوقۇتقۇچى ــــ چەكسىز كەتكەن سۈزۈك دېڭىز. سەن ئۇنىڭ تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە بېلىق بولۇپ ئۈزەلەيسەن.

★ ئوقۇتقۇچى ــــ «مىڭ بىر كېچە»، سەن ئۇنىڭدىن دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى ئاڭلايسەن.

★ ئوقۇتقۇچى ــــ ئەڭ ئىلغار جاھاننامە ئەينىكى، سەن ئۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى ھالىتىڭنىلا ئەمەس، يىراق ئۆتمۈشۈڭنى ئەسلىيەلەيسەن ھەم گۈزەل كېلەچىكىڭنى ناھايىتى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالايسەن.

★ ئوقۇتقۇچى ــــ ئۇ بىر سۆيگۈ دەرىخى. ئۇ ساڭا سۆيگۈ، سۆيۈش، سۆيۈلۈش، مەۋجۇتلۇق قەدىر-قىممەت... ھەققىدىكى ئەڭ كونا ۋە ئەڭ يېڭى رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

★ ئوقۇتقۇچى ــــ مەڭگۈ ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان يېقىملىق ناخشا. ئۇ قەلبىڭگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ ھەم دۇنيانىڭ ئەسلىدە تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى شۇنداقلا ئىنسان قەلبىنىڭ ئەسلىدىنلا چەكسىز مېھىر-مۇھەببەتكە تولغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇلايدۇ.

★ ئوقۇتقۇچى ــــ كائىناتتىكى ئۆزگىچە بىر يۇلتۇزلار توپى، سەن ئۇ جايغا چىن ئەقىدە بىلەن بارساڭ سەنمۇ يۇلتۇزغا ئايلىنالايسەن.

19

ھەرقانداق بىر قەۋم، ھەرقانداق بىر رايون، ھەرقانداق دۆلەت ھەتتا ئىنسانىيەت ئۈچۈن تاۋلانغان سىياسىيون، يېتىلگەن پەيلاسوپ، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، ئاۋانگارت يازغۇچى، ئىقتىدارلىق كەشپىياتچى، مەرىپەتپەرۋەر موللام، خەلقچىل كارخانىچى ۋە داڭلىق تەنھەرىكەت چولپىنى تولىمۇ مۇھىم. بۇ سەككىز خىل كىشىنى ئىنسانىيەتنىڭ سەككىز تۈۋرۈكى، سەككىز كۆۋرۈكى، سەككىز يۈرىكى، سەككىز تېغى، سەككىز بېغى، سەككىز بۇلىقى، سەككىز قۇلىقى، سەككىز دەرياسى ياكى سەككىز ئۇمۇرتقىسى دەپ ئېيتساق ئارتۇق كەتمەس.

20

بەزىلەر خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ھەققىدە توختىلىپ: «ھەي خام سۈت ئەمگەن بەندىلەر» دېگەن سۆزنى قىستۇرۇپ قويۇشىدۇ. بىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، گۇنا-

ھەممىزنى يەنە شۇ ئانىمىزنىڭ ئىسسىق، ھالال ھەم ئاپئاق سۈتىگە دۆگگەپ قويۇشقا ئادەتلەنسەك «ئاسىيلىق ئۇنۋانى» ئالماي قالىمىز ؟!

21

مەن ئېغىزى تۇرۇپ ھەقىقەتنى سۆزلىمىگەنلەرنى، كۆزى تۇرۇپ گۈزەللىكنى كۆرمىگەنلەرنى، قۇلىقى تۇرۇپ ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلىمىغانلارنى، بۇرنى تۇرۇپ خۇشپۇراقلارنى سەزمىگەنلەرنى، پۇت - قولى ساق ھەم تولۇق تۇرۇپ باشقىلار ئالدىدا تىزلىنىپ تىلەمچىلىك قىلغانلارنى ياقتۇرمايمەن، ئۇلارنىڭ سالىمىنى مەڭگۈ مەقبۇل كۆرمەيمەن. چۈنكى، ئۇلار قەدىر - قىممەتلىك بولۇشنى مەقبۇل كۆرمىگەن تۇرسا...؟

22

★ ئانا بالىنىڭ 1 - نومۇرلۇق ئۇستازى، لاياقەتلىك بالىلار — مۇنەۋۋەر ئانىلارنىڭ كاتتا ئەسىرى.

★ ئۆز بالىسىغا ھالال نىيەت بىلەن ئەخلاق - تەربىيە بەرگەن ئانا — ئەڭ ۋىجدانلىق ئانا.

★ ئۆز بالىسىغا تىرىشچانلىقنى، جەسۇرلۇقنى ئۆگەتكەن ئانا — ئەڭ پىداكار ئانا!

★ ئۆز بالىسىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن ئانا — ئەڭ تاكامۇل ئانا!

★ ئۆز بالىسىنىڭ قىزىقىشىغا، تاللىشىغا يول قويغان ئانا — ئەڭ مەدەنىيەتلىك ئانا!

★ ئۆز بالىسىغا ماددىي مەئىشەتنىلا ئەمەس، مەنىۋى قىرغاقلارنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن ئانا — ئەڭ ئەقىللىق ئانا!

★ ئۆز بالىسىنىلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ بالىسىنىمۇ سۆيەلىگەن ئانا — ئەڭ يۈكسەك ئانا!

★ ئۆز بالىسىغا چەت ئەلدىن ئىمپورت قىلىنغان كالا سۈتىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھالال ئوغۇز سۈتىنى بېرەلىگەن ئانا — ئەڭ، ئەڭ... ئۇلۇغ ئانا!!!

★ ئۆز بالىسىنى تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتىنى باشقىلارغا كۆتۈرە قىلغان ئانا — ئەڭ لاياقەتسىز ئانا.

★ ئۆز ئەمەلىيىتى ۋە ھەرىكىتى بىلەن بالىسىغا ئۈلگە بولالمىغان ئانا — ئەڭ مەسئۇلىيەتسىز ئانا.

★ ئۆزىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى «مېھىر - مۇھەببىتىنى» بالىلىرىنىڭ «غەپلەت بۆشۈكى» قىلىپ بەرگەن ئانا — ئەڭ نادان ئانا.

★ بالىلىرىنى راھەتپەرەسلىككە يېتەكلەيدىغان ئانا — ئەڭ زەئىپ ئانا.

★ بالىلىرىنى خۇراپاتلىق پاتقاقلىرىغا پاتتۇرۇپ قويۇپ، ئىلىم بوستانلىقىغا باشلاپ كىرەلمىگەن ئانا — ئەڭ خەتەرلىك ئانا.

★ بالىلىرىنى ئەخلاق دەرسخانىسىدىن سۈرگۈن قىلغان ئانا — قورقۇنچلۇق ئانا.

★ بالىلىرىنىڭ جاپا چېكىش ھوقۇقىنى تارتىۋالغان ئانا — تاجاۋۇزچى ئانا.

23

ۋاقىت شۇنداق دەيدۇ:

★ مەن ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن بەكمۇ تېز سۈرئەتلىك ئايروپىلان، ھۇرۇنلار ئۈچۈن بولسام بىر ئەبجەق كونا ماشىنا.

★ مەن سەۋر - تاقەتلىكلەرگە ھەسەلدىن تاتلىقمەن، تاقەتسىزلەرگە ئوغىدىن ئاچچىقمەن.

★ مەن پەم - پاراسەتلىك، تىرىشچان كىشىلەر ئۈچۈن بىر ياۋاش قويغا ئايلىنىپ بېرىمەن؛ ئىرادىسىز، ئاچچىقلىغاق، تانغاق كىشىلەر ئۈچۈن تەپكەك ئاتتۇرمەن.

24

بىز «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق»، ھامان بىر كۈنى كۆككە ئۇچۇپ كېتىمىز، يەرگە چۆكۈپ كېتىمىز. بىزنىڭ كەلمىشىمىز كەتمىشىمىزدىن بېشارەت. كەلگىنىمىزدە بېشىمىزچىلاپ كەلگەن ئىدۇق، ئەمدىچۇ پۇتىمىزچىلاپ كېتىمىز. بۇنىڭدىكى ھېكمەت ھامان نۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

25

بەزى تاشلار پاختىدىن يۇمشاق، بەزى پاختىلار تاشتىن قاتتىق. بۇنى ئالىي قەسىرلەردىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ باققانلار ۋە پاختا بىلەن توقۇلغان قامچىلارنى يەپ باققانلار ھېس قىلالايدۇ.

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن



# شېئىرلار

ئارقۇتتا [illegible]
نېمانچە [illegible]
يىلتىزلىق ئايلانغان [illegible]
ئەخلەتكە [illegible]
پاكلىقنى [illegible]

نېمانچە گۈزەلسەن [illegible]
قىلىش قىلىش [illegible]
مەن ساڭا [illegible]
گۈيلىكى [illegible]

نېمانچە [illegible]
چوقىلار [illegible]
قارىغايلار چۇۋۇلغان [illegible]
يۈرىكىڭ ھېچقاچان [illegible] بىرتار...

## تاك

يەنە تاك ئاتتى ئۇخلىمساقمۇ،
يەنە تاك يورىدى چۈش كۆرمىسەكمۇ،
ئۆيىگۇ بارغانچە بىزدىن ئايرىلماقتا تاش يۈرەك ياردەك،
ئاسمان بارغانچە سوزۇلمەكتە باغرى يۇمشاق قاردەك،
بىزنىڭ ئۇخلىشىمىز يا ئۇخلىماسلىقىمىزدىن قەتئىنەزەر،
كېچە بولىشى ۋە تاك يورۇشى كېرەك.

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

مەن [illegible]
[illegible]

### [illegible]

مېنىڭ ئاسماندا ئۇچقىنىم،
دېڭىزغا چۆككىنىم،
كېچىلىك [illegible]
شاخلارغا قونغىنىم،
ھەممىسى [illegible]
[illegible]
قالغىنى مېنىڭ بىر [illegible]

گۈلبەدەن دېيىشتۇق [illegible]
[illegible] دېيىشتۇق [illegible]
[illegible] دېيىشتۇق [illegible]
مەجنۇن دېيىشتۇق [illegible]
مېنىڭ تولىمۇ ئاددىي بىر [illegible]
ماڭا ھەقىقىي [illegible]

تىللاۋېرىدىغانلار گۈلبەدەننى،
ماختاۋېرىدىغانلار گۈلبەدەننى،
چالما كېسەك قىلىدىغانلار گۈلبەدەننى،
گۈل-چېچەككە ئورايدىغانلار گۈلبەدەننى،
سىلەرگە بېغىشلىدىم مۇشۇ ئىسمىنى.

دەل مۇشۇ گۈلبەدەن ئۆزۈمگە قالسۇن
تۆرپانىنىڭ چەت بىر يېزىسىدا يەر تېرىيدىغان...

(ئاخىرى 70-بەتتە)

ھىمىزنى يەنە شۇ ئانىمىزنىڭ ئىسسىق، ھالال ھەم ئاپئاق سۈتىگە دۆڭگەپ قويۇشقا ئادەتلەنسەك «ئاسىيلىق ئۇنۋانى» ئالماي قالامدىمىز ؟!

21

مەن ئېغىزى تۇرۇپ ھەقىقەتنى سۆزلىمىگەنلەرنى، كۆزى تۇرۇپ گۈزەللىكنى كۆرمىگەنلەرنى، قۇلىقى تۇرۇپ ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلىمىغانلارنى، بۇرنى تۇرۇپ خۇشپۇراقلارنى سەزمىگەنلەرنى، پۇت ـ قولى ساق ھەم تولۇق تۇرۇپ باشقىلار ئالدىدا تىزلىنىپ تىلەمچىلىك قىلغانلارنى ياقتۇرمايمەن، ئۇلارنىڭ سالىمىنى مەڭگۈ مەقبۇل كۆرمەيمەن. چۈنكى، ئۇلار قەدىر ـ قىممەتلىك بولۇشنى مەقبۇل كۆرمىگەن تۇرسا...؟

22

★ ئانا بالىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق ئۇستازى، لاياقەتلىك بالىلار ــ مۇنەۋۋەر ئانىلارنىڭ كاتتا ئەسىرى.

★ ئۆز بالىسىغا ھالال نىيەت بىلەن ئەخلاق ـ تەربىيە بەرگەن ئانا ــ ئەڭ ۋىجدانلىق ئانا.

★ ئۆز بالىسىغا تىرىشچانلىقنى، جەسۇرلۇقنى ئۆگەتكەن ئانا ــ ئەڭ پىداكار ئانا!

★ ئۆز بالىسىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن ئانا ــ ئەڭ تاكامۇل ئانا!

★ ئۆز بالىسىنىڭ قىزىقىشىغا، تاللىشىغا يول قويغان ئانا ــ ئەڭ مەدەنىيەتلىك ئانا!

★ ئۆز بالىسىغا ماددىي مەئىشەتنىلا ئەمەس، مەنىۋى قىرغاقلارنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن ئانا ــ ئەڭ ئەقىللىق ئانا!

★ ئۆز بالىسىنىلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ بالىسىنىمۇ سۆيەلىگەن ئانا ــ ئەڭ يۈكسەك ئانا!

★ ئۆز بالىسىغا چەت ئەلدىن ئىمپورت قىلىنغان كالا سۈتىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھالال ئوغۇز سۈتىنى بېرەلىگەن ئانا ــ ئەڭ، ئەڭ... ئۇلۇغ ئانا!!!

★ ئۆز بالىسىنى تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتىنى باشقىلارغا كۆتۈرە قىلغان ئانا ــ ئەڭ لاياقەتسىز ئانا.

★ ئۆز ئەمەلىيىتى ۋە ھەرىكىتى بىلەن بالىسىغا ئۈلگە بولالمىغان ئانا ــ ئەڭ مەسئۇلىيەتسىز ئانا.

★ ئۆزىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى «مېھىر ـ مۇھەببىتىنى» بالىلىرىنىڭ «غەپلەت بۆشۈكى» قىلىپ بەرگەن ئانا ــ ئەڭ نادان ئانا.

★ بالىلىرىنى راھەتپەرەسلىككە يېتەكلەيدىغان ئانا ــ ئەڭ زەئىپ ئانا.

★ بالىلىرىنى خۇراپاتلىق پاتقاقلىرىغا پاتتۇرۇپ قويۇپ، ئىلىم بوستانلىقىغا باشلاپ كىرەلمىگەن ئانا ــ ئەڭ خەتەرلىك ئانا.

★ بالىلىرىنى ئەخلاق دەرىخىدىن سۇرگۈن قىلغان ئانا ــ قورقۇنچلۇق ئانا.

★ بالىلىرىنىڭ جاپا چېكىش ھوقۇقىنى تارتىۋالغان ئانا ــ تاجاۋۇزچى ئانا.

23

ۋاقىت شۇنداق دەيدۇ:

★ مەن ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن بەكمۇ تېز سۈرئەتلىك ئايروپىلان، ھۇرۇنلار ئۈچۈن بولسام بىر ئەبجەق كونا ماشىنا.

★ مەن سەۋر ـ تاقەتلىكلەرگە ھەسەلدىن تاتلىقمەن، تاقەتسىزلەرگە ئوغىدىن ئاچچىقمەن.

★ مەن پەم ـ پاراسەتلىك، تىرىشچان كىشىلەر ئۈچۈن بىر ياۋاش قويغا ئايلىنىپ بېرىمەن؛ ئىرادىسىز، ئاچچىقلىغاق، تانغاق كىشىلەر ئۈچۈن تەپكەك ئاتتۇرمەن.

24

بىز «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق»، ھامان بىر كۈنى كۆككە ئۇچۇپ كېتىمىز، يەرگە چۆكۈپ كېتىمىز. بىزنىڭ كەلمىشىمىز كەتمىشىمىزدىن بېشارەت. كەلگىنىمىزدە بېشىمىزچىلاپ كەلگەن ئىدۇق، ئەمدىچۇ پۇتىمىزچىلاپ كېتىمىز. بۇنىڭدىكى ھېكمەت ھامان نۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

25

بەزى تاشلار پاختىدىن يۇمشاق، بەزى پاختىلار تاشتىن قاتتىق. بۇنى ئالىي قەسىرلەردىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ باققانلار ۋە پاختا بىلەن توقۇلغان قامچىلارنى يەپ باققانلار ھېس قىلالايدۇ.

ئاپتور: كەلپىن ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن



پەرىدە ياقۇپ نۇرى

# شېئىرلار

**ئارقۇتتاغقا بېغىشلايمەن**

نېمانچە سوزىسەن بېشىڭنى كۆككە،
يىلتىزىڭ ئايلانغان يەرنىڭ قەلبىگە.
ئەخلەتكە بېسىلىپ كەتسىمۇ جىسمىڭ،
پاكلىقنى سۆزلەيسەن ھەممە ھەممىگە.

نېمانچە گۈزەلسەن، ئارمانلىقتۇرسەن،
قېلىن قار نەقەدەر ئۈز قىلغان سېنى.
مەن ساڭا سۆزلىسەم ئاڭلايسەن غەمكىن،
گوياكى ئەزەلدىن تونۇيسەن مېنى.

نېمانچە كەڭرىسەن، نېمانچە بۈيۈك،
چوققىلار كەينىدە چوققىلىرىڭ بار.
قارىغايلار چۇۋۇلغان زاھىد چېچىمۇ،
يۈرىكىڭ ھېچقاچان يېشىلمەس بىرتار...

**تاڭ**

يەنە تاڭ ئاتتى ئۇخلىمىساقمۇ،
يەنە تاڭ يورىدى چۈش كۆرمىسەكمۇ،
ئۈيقۇ بارغانچە بىزدىن ئايرىلماقتا تاش يۈرەك ياردەك،
ئاسمان بارغانچە سۇزۇلمەكتە باغرى يۇمشاق قاردەك،
بىزنىڭ ئۇخلىشىمىز يا ئۇخلىماسلىقىمىزدىن قەتئىنەزەر،
كېچە بولىشى ۋە تاڭ يورۇشى كېرەك.
مەن شادلاندىم تاڭنىڭ ئاتقىنىدىن،
كېپىنەكتەك... گۈلدەك... بۇلبۇلدەك...

**قۇپقۇرۇق**

مېنىڭ ئاسماندا ئۇچقىنىم،
دېڭىزغا چۆككىنىم،
كىچىك بىر قىزىل قۇشقا ئايلىنىپ،
شاخلارغا قونغىنىم.
ھەممىسى يالغاندۇر ھەممىسى چۈشتۇر،
پېچان ناھىيىسىدىكى كىچىك يېزامدا،
قالغان مېنىڭ بار ھەققىتىم.

گۈلبەدەن دېيىشىدۇ مېنى،
شائىرە دېيىشىدۇ مېنى،
ساراڭ دېيىشىدۇ مېنى،
مەجنۇن دېيىشىدۇ مېنى،
مېنىڭ تولىمۇ ئاددى بىر ئاياللىقىم راست،
ماڭا ھەققىي مەنسۇپ ئەمەس قالغىنى.

تىللاۋېرىڭلار گۈلبەدەننى،
ماختاۋېرىڭلار گۈلبەدەننى،
چالما كېسەك قىلىڭلار گۈلبەدەننى،
گۈل-چېچەككە ئوراڭلار گۈلبەدەننى،
سىلەرگە بېغىشلىدىم مۇشۇ ئىسمىنى.

دەل مۇشۇ گۈلبەدەن ئۆزۈمگە قالسۇن
تۇرپاننىڭ چەت بىر يېزىسىدا يەر تېرىيدىغان...

(ئاخىرى 70-بەتتە)

ئەدەبىيات گۈلزارى



ئەنۋەر تاشتۆمۈر

# تەنھالىقنىڭ ھەقىقىتى

(پەلسەپۋى خاتىرە)

تەنھالىق ھالىتىدە ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەمنىڭلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىرلىك ھالىتىدە ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەمنىڭ چىنلىقىنىمۇ تەنھالىقتىن ئايرىپ تۇرۇپ ئىدراكلاش مۇمكىنچىلىكى يوق. تەنھالىق — ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى بولۇپ، مەنىۋى بىرلىكتىن تاشقىرىقى ھاللاردا ئومۇمەن بىر خىللىقنى ئىپادە قىلىدۇ. ئۆزلۈك مەۋجۇتلۇقى سۈپىتىدىكى ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ مەنىۋىي ھالقىش داۋامىدا ئېرىشكەن خاس ئۇتۇقلىرى ئايرىملىق ياكى ئومۇملۇق قىممىتىدە ئوخشاشلا تەنھالىقنىڭ ئالاھىدە شەكلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ نۇقتىلار تەنھالىقنىڭ ئومۇملۇقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە مەلۇم تۇراقلاشقان ئىجتىمائىي پرىنسىپ ياكى ئۇقۇملاشقان كىشىلىك غايىلىرىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قايتا قاراپ چىقىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئەسكەرتىدۇ. ئادەم بارلىققا ئايلانغاندىكى تەنھالىق بىلەن يوقلۇققا ئايلانغاندىكى تەنھالىق بۇ خىل زۆرۈرىيەتنىڭ ئاشكارا پىكىر نۇقتىسىنى تەشكىل قىلسا، ئارىدىكى چەكلىك كىشىلىك مۇساپىلىرىنىڭ بىرلىكتە قوچقان نۇسرىتىنىڭ كۆلىمى ۋە چېكى ئۇنىڭ يوشۇرۇن پىكىر نۇقتىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئادەمنىڭ تەنھا كېلىپ، تەنھا كېتىش تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان بىرلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسىي نەتىجىلىرى تەنھالىق بىلەن قانچىلىك ئارىلىق ساقلىشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان ئۇنىڭ مەۋجۇت ھەقىقىتىنى ئىدراكلاشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئادەمنىڭ يەككە ئادەملىكتىن ئىجتىمائىي مىللىي ئادەملىككە قەدەم باسقاندا كۈتىدىغىنى ئىجتىمائىي سائادەتنىڭ ئۈمىدى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا خاس مىللىي توپ، خاس ئىدىيەۋى پرىنسىپ ۋە خاس غايە-نىشانلارنى شەرت قىلىپ شەكىللەنگەن ئارىلىقلارنىڭ تەسىر كۈچى، چەكلىمىسى ۋە ئاساسىي نەتىجىسى ئىككىلەمچى تەنھالىقنىڭ سىرلىرىدىن يىپ ئۇچى چىقىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تەنھالىق — ئادەم ۋە شەيئىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكى نۇقتىسىدا ئاشكارا، بىرلىكى نۇقتىسىدا يوشۇرۇن قورشاپ، ساراسىمىگە سېلىپ تۇرغاچقا، ھالقىش ھالىتىدە بىرلىك بەختىگە يېتىشتە، چوقۇمكى تەنھالىقنىڭ سەۋەبى، مەنىسى ۋە ھەقىقىتىدىن كېسىپ ئۆ-

تۇشكە توغرا كېلىدۇ.

تەنهالىق — يەككىلىكنىڭ سىماسى، ئۇنىڭدا كەلمىش ھەم كەتمىش سىرلىرى ئاشكارا.

تەنهالىق — بىرلىك ئىمكانى، ئۇنىڭدا كۈتۈش ۋە ئەقىدىگە ئايلانغان بەخت ئىرادىسى ھازىر.

تەنهالىق — ھالقىش روھىنىڭ ئۈلگىسى، ئۇنىڭدا ئالەمگە تەڭداش سېھىرلىك بىر ئالەمنىڭ كامالىي قۇدرىتى نامايان.

ئەي تەنهالىق ئىچىدە تۇغۇلۇۋاتقان مەرھابا ئادەم، سېنى تەسەللىگە موھتاج بولمىغان قەيسەر بىر دۇنيادىن سوراشلىرىم كۆڭلۈڭنى ئۇۋلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سېنى ھىمايە قىلىۋاتقان روھىڭنىڭ ئىرادىسىگە قايىللىقىمدىندۇر. كۈللى شەيئىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ قانائەتسىز ھالقىشلىرىڭدىن بىر ئۇيغۇن ياكى بىر يۈكسەك مەنىۋى مەنزىلنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرۈپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى ياقلاۋاتقانلىقىڭنى ئاڭقارغىنىمدا، ساڭا ھەم سېنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىڭگە ھەمدۇ - سانا ئېيتماي ئامالىم يوق. ئارزۇ - ئىستىكىڭ زاماندىن ھالقىغان گۈزەل بىر ھاياتلىق شەكلىنى يارىتىش بولسا، روھىڭنىڭ بېشارىتى ئۇنىڭغا پاراللېل مەنە ئاتا قىلىۋاتقان بولسا، ئىنسانلىق بۇرچ - ۋەزىپىلىرىڭ ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە ئايلىنىپ سېنى مەنزىل دەۋرانىغا يېقىن سۈرۈۋاتقان بولسا، مەندەك ساياق ۋە ناتىۋان بىر يولۇچىنىڭ ئەتراپىڭدا چۆرگىلەپ پەندىي نەسىھەت قىلىپ يۈرۈشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى!؟

تەنهالىق — تۇغۇمدىن باشلىنىپ ياشلىقتا ئىسيان كۆتۈرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇن تىپلىرىدا بىرلىككە بەدەل ئېتىپ بەخت قۇچىدىغان نىسپىي ھاياتلىق شەكلى.

تەنهالىق — ھايات ئۈچۈن، ھاياتلىق بەختى ۋە كامالىتى ئۈچۈن ھەرقاچان سىناق سۈپىتىدە كۆرۈلۈپ، ئادەمنى ئۆزىگە، ئۆزگىگە ۋە بىرلىك سۈپىتىگە نىشانەن ئۈزلۈكسىز سىنايدۇ. شۇڭا، ئادەم تەنهالىقنى بىر سىناق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ھەر بىر قەدەم - باسقۇچىدا ئۆزىنى بىرلىككە نىسبەتەن ئەقلىي دەڭسەپ كامالەت پەللىلىرىگە يول ئېلىشى، بىرلىك سائادىتىنىڭ ئاساسى شەرتى بولمىش مۇنەۋۋەر كىشىلىك لاياقىتى ھازىرلىشى لازىم بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، تەنهالىق سىناق مەنىسىنى يوقىتىپ ئازابنىڭ مەنبەسىگە ۋە قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئادەممۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا تەنهالىقتىن ئىبارەت سىناق مەيدانىدىكى ئىنسانىي بۇرچ - ۋەزىپىلىرىنى ئۇنتۇپ، ھېسسىي ھالدا ھېسسىي بىرلىككە قوشۇلۇش خاتالىقىنى سادىر قىلىدۇ. بۇ ھالدا، گەرچە تەنهالىقتىن نىسپىي خالىي بولغىلى ياكى تەنهالىققا بىر مەھەللىك تەسەللىي بەرگىلى بولسىمۇ، ئەمما تەنهالىقتىن مەڭگۈلۈك خالاس تاپقىلى، بىرلىكنى تەنهالىققا قارشى بەخت ۋە شان - شەرەپ دەرگاھىغا ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ تەنهالىق سىناقلىرىدا ئۆزىنى بىرلىك شەرتىگە لايىق سىناش ۋە يېتىشتۈرۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەي باسقان غاپىل قەدەملىرى، بىرلىك بىلەن بولغان ئەقلىيسىز ھېسسىي مۇناسىۋىتى ئۇنى ھامان باشقىچە بىر خىل تەنهالىققا، يەنى بىرلىك نىقابى ۋە باھانىسى ئاستىدىكى تېخىمۇ ئازابلىق تەنهالىققا مەھكۇم ئېتىدۇ. بۇنداق تەنهالىققا مەھكۇم ئادەمنىڭ بەختى قارا، باغرى يارا، زۇۋانى بىناۋا، كامالىي قۇدرەتلىرى بىۋاپادۇر.

ئادەمنىڭ تەنهالىقى ئۇنىڭ كىشىلىك لاياقەتسىزلىكىگە بېقىپلا روي بەرمەيدۇ.

تەنهالىق — كۆپرەك بىرلىك ئىمكانسىزلىقى سەۋەبىدىن كۆرۈلۈپ، ئۆزلۈك بىلەن ئۆزلۈك ئارىسىدىكى تۈپكى پەرق ۋە ئايرىلىقنى ئاشكارىلايدۇ. بۇ خىل تەنهالىقنىڭ نىجادىيىتى ماسلىقنى شەرت قىلغان ئۇيغۇن ۋە ئۈستۈن بىرلىك ئىمكانىدا بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئاساسلىق رول ئوينايدىغىنى ئادەمنىڭ يۈكسەلگەن مەنىۋى كامالىتىدۇر. شۇڭا بۇ خىل تەنهالىقنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولسا، كامالەتنى كامالەتكە شەرت قىلغان ياكى ئۇنى بىر - بىرىگە پاراللېل قويغان ماس بىرلىك شەكلىدىن ئىبارەتتۇر. ئەلۋەتتە بۇ خىل تەنهالىقنىڭ بۇ خىل چىقىش يولى كىشىلىك ھاياتتا مۇئەييەن ئىمكانغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەم بىلەن شۇ خىل شەرتلىك ماسلىقتا دەل ئۇچرىشىشى ۋە دەل قوشۇلۇشى ناھايىتى مۈشكۈل بولغاچقا، كامالەت ئۈستۈنلۈكىدىكى ئادەمنىڭ تەنهالىقى ئۆزلۈك پەرقى ۋە ئايرىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان رېئال چەكلىمىلەرنىڭ ئاسارىتىدە كۆپىنچە ھاللاردا بىرلىك ئىمكانى تاپالماي، كامالەت پەللىرىدىن ھەم يانالماي، ئىنسان بىرلىكىدىن ئىجتىمائىي مىللىي بىرلىككە ۋە ئۇنى بەلگە قىلغان ئىنسانىيەت ئومۇمىي بىرلىكىگە ھالقىپ، ئۇندا ياراتقان كامالەت نەتىجىلىرىنىڭ شان - شەرىپى بىلەن تەنها ئۆزلۈكىگە تەسەللىي تې-

پىشنى قائىدىلەشتۈرىدۇ. بۇ تەنھالىقتىن كامالەت ئۈستۈن-
لۈكى ئارقىلىق كېسىپ ئۆتۈپ ئىنسانىيەت ئومۇمىي گەۋ-
دىسىدە قارار تاپقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇستەھكەم
بىرلىك تۈزگەن بۈيۈك ئىنسانىي روھنىڭ نامايەندىسى
بولغاچقا، ئادەم ئاشۇ خىل يۈكسەك بىرلىك گەۋدىسىدە
تۇرۇپ، بارلىق ئىنسانلار توپىنى ئۇلارنىڭ ھەر بىر
ئۆزلۈك تىپلىرى بىلەن قوشۇپ باغرىغا ئېلىش قۇدرىتى-
دە تەنھالىقتىن مەڭگۈلۈك خالاس تاپىدۇ. بۇ ھالدا ھەر
بىر ئادەم، ھەتتا ھەر بىر شەيئى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرلىك
ئوبيېكتى سۈپىتىدە بىرلىك ئىمكانى يارىتىپ، كامالەتنىڭ
ئومۇملۇقنى سائادەتنىڭ شەرتى سۈپىتىدە تولۇق كاپا-
لەتكە ئىگە قىلىپ بارىدۇ. شۇڭا، تەنھالىقتا تەنھالىقتىن
ھالقىغان، كامالەتنى بۇ خىل ھالقىشنىڭ شەرتى ۋە بەلگە-
سى قىلغان مۇنەۋۋەر ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تەنھالىقنى
ئازابنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى يۈكسەكلىك-
كە ئىنتىلگۈچى ئىنسانىي روھنىڭ تۈپكى ئىلھام مەنبەسى-
گە ئايلاندۇرۇپ ھالقىپ بارىدىغنى، ئىنسانىيەتنىڭ
بەخت - ئىقبالى ئۈچۈن پۈتۈن سۆرۈك قۇربان بېرىدىغا-
نى ئۈچۈن، ئۇلار ئىنسانىيەت روھىغا ۋەكىللىك قىلىپ،
ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئىپتىخارەن ياشاش شان -
شەرىپىگە ئېرىشىدۇ. ئەمما بۇ ئۇنداق ئاددىي ھاياتلىق
جەريانى ئەمەس، بۇ خىل تەنھالىقتىكى ئادەمنىڭ ئازابى
كىشىلىك ئازابلىرىدىن ھالقىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي ئا-
زابى بىلەن ئۆزئارا ھەمنەپەس قايناپ تاشىدىغان بولغاچ-
قا، ئۇنىڭ بارلىق ھاياتلىق ھەرىكىتى ئىنسانىيەتنىڭ بې-
شىغا كەلگەن ئازاب - ئوقۇبەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۈپكى
سەۋەبلىرى بىلەن ئۆزئارا كەسكىن قارشىلىشىش رەۋىشى-
دە داۋام ئېتىدۇ. بۇ خىل قارشىلىشىش ھەرىكىتى
ئۇلارنىڭ روھنى ئۆزلۈكسىز تاۋلاپ، ئادەتتىن تاشقىرى
تۇرىدىغان مۇئەييەن ئىدىيەنىڭ ئالاھىدە قىممىتى ۋە
خاس بەرپاچىلىقىغا باغلاپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلار
ئىنسانىي سۈپەت مەنزىللىرى ئارا ھامان مەلۇم بىر
دەۋرنىڭ قەھرىمانلىرىغا ئايلىنىدۇ.

تەنھالىق يەنە ئۆزلۈك غاپىللىقى ۋە ئۆزلۈك تەرسا-
لىقى سەۋەبىدىنمۇ كۆرۈلۈپ، بىرلىكنىڭ قىممىتى بىلەن
قارىمۇقارشى قۇتۇپ شەكىللەندۇرىدۇ. ئۆزلۈك غاپىللىقى
سەۋەبىدىكى تەنھالىقتا، ئادەم ئۆزىدىن تاشقىرىقى دۇنيا
ۋە ئۇنىڭ ماھىيەتلىك چىنلىقنى ئىدراك قىلىش پەللىسى
ياراتمىغاچقا ياكى ئۆزلۈك ئويغىنىشىدا بىرلىك قىممىتنى
ئاڭقىرىپ يەتمىگەچكە، ئۆزلۈككە بېكىنىش تەرتىپىدە
ھامان بىرلىك بەختىدىن مۇستەسنا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاسا-
سىي ھاياتلىق مەۋقەسى ئۆزلۈكنىڭ تۆۋەنكى قاتلىمىدى-
كى شەخسىيەت پەللىسىدە قارار تېپىپ، بارچىنىڭ قىممە-
تىنى بارچىنىڭ قىممىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ
شەخسىي پايدا - مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ
ئۆلچەشنى قائىدىلەشتۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ تەنھالىقى
روھىي مەنىدە بىرەر ئالاھىدە قىممەتنى ئىپادە
قىلالماي، ئۆزلۈك ھالقىشىغا ھەم كۈچ ئاتا قىلالماي غا-
پىللىق تەقدىرىدە دەۋر قىلىدۇ ياكى بولمىسا نوقۇل
تەنئىي مەنىدە قوشۇلۇشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي بىرلىككە
مەھكۇم بولىدۇ.

ئۆزلۈك تەرسالىقى سەۋەبىدىكى تەنھالىقتا بولسا،
ئادەم مەلۇم بىر خىل بىتەرەپ مەۋقەنىڭ ئارامىغا، ئىج-
تىمائىي تەجرىبىنىڭ ئايرىم بېشارىتىگە ۋە كىشىلىك كە-
چۈرمىشلىرىنىڭ خاس خاتىرىسىگە تارتىشىپ، بىرلىك
بەختىنىڭ ھالقىش ئارا كۆرۈلىدىغان ئىككىلەمچى ئىمكا-
نىغا سوغۇق پوزىتسىيە تۇتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەنھالىقى
بىرلىك توقۇنۇشلىرىدىن، بىرلىك شەكىللىرى ھامىي
بەخت ئىمكانلىرىدىن بىتەرەپ بىر ئورۇندا مۇئەييەنلە-
شىپ، مەيل - رايىغا ئويغۇن ئۆزخانلىق ھاياتىنىڭ تۈپكى
سەۋەبىگە ئايلىنىدۇ. بۇ خىل تەنھالىقتىكى ئادەمنىڭ تەق-
دىرى ئېھتىماللىق ھالىتىدە يول ئاچىدىغان بولغاچقا، ئۇ-
نىڭغا مۇتلەق مەنىدە ھۆكۈم قىلىش ناھايىتى تەس. ئۇ
بەلكى ئۆزلۈك تەرسالىقى سەۋەبىدىن ئۆزلۈك غاپىللىقىغا
مەھكۇم بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي نەتىجىسى سۈپىتىدىكى
شەخسىيەتچىل تەنھالىقتا دەۋر سۈرۈپ قېلىشى ياكى
ئۆزلۈك تەرسالىقىدا تاپقان ئۆزخانلىق ھاياتىنىڭ بەھرى-
دە كامىللىق مەقامى يارىتىپ، ئىنسانىيەت بىرلىكىگە ئو-
ڭۇشلۇق ھالقىپ كىتىشى ۋە ياكى بىر تاسادىپىي روھىي
ئويغىنىش ۋە ماھىيەتلىك چۆچۈشنى باشتىن كەچۈرۈپ،
ئۆزىنىڭ ئۇيغۇن بىرلىك تىپلىرىدا بەخت دەۋرانى تېپى-
شى مۇمكىن. تەنھالىقنىڭ بۇ ئىككى خىل ھالىتى ئومۇ-
مەن ئادەمدە كىرىزىس تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، كىشىلىك
ئازابلىرىنىڭ مەنبەسىگە ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر-
دىنبىر سەۋەبىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئادەم-
دە تەنھالىقتىن قورقۇش ۋە قېچىش خاھىشى شەكىللىنىپ،
ئىنسانىي روھتا بىرلىك زىددىيىتىگە ماس كىرىزىس تۇي-
غۇسى باش كۆتۈرىدۇ. شۇڭا ئادەم تەنھالىقنى بەربات

ئېتىپ بىرلىك باغرىدا ۋىسال قۇچىمەن دەيدىكەن، چوقۇمكى تەنھالىقنى قاتمۇقات قاپلاپ تۇرغان، ھەتتا ئۇنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرگەن، بىرلىك ئۈمىدىگە ئالاقىدار كىرىزىس تۇيغۇلىرىنىڭ توپىكى سەۋەبلىرىگە ئاساسەن ئۆزلۈكنىڭ قىممىتىنى بىرلىكنىڭ قىممىتىگە نىشانەن ئىنچىل ئالغا سۈرۈشى، تىنىمسىز كۈرىشىش روھىدا ئۆزلۈكتىن جىددىي ھالقىشى، بىرلىك ئىمكانىغا يۈز تۇتۇپ ئۆزلۈكنىڭ يېڭىچە قات ـ قەۋەتلىرىنى كەڭ ئېچىشى، بىرلىك بەختىگە لايىق ئۆزلۈك تىپلىرىنى ئەقلىي تاللاپ قارار قىلىشى لازىم. ئادەمنىڭ شادلىق تېپىدىكى ھەممىۋا ھاياتلىق ھۇزۇرى ئۆزلۈككە ماس ئۆزلۈكنىڭ باغۇبوستانىدا، بەخت ۋە كامالەتكە ئىمكان بەرگۈچى بىرلىك تىپى ھەم تەرتىپىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەيلى ئادەم بىرلىكنىڭ ئىچى ياكى سىرتىدىكى تەنھالىققا مەھكۇم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ پەقەت كۈرەش روھىنى ئاڭلىق ئىدراك قىلىپ، ئۇنى ئۆزلۈكنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسىغا قويالىسا، ئىنسانىي كامالەتنىڭ مۇئەييەن پەسلىي باھارىدا مۇراد گۈلى ئاچالىسا، نەزەر ۋە تەپەككۇر كەڭلىكىدە ئەقلىي تاللاش ئېلىپ بېرىپ بىرلىك ئاساسىنى سالالىسا، بىرلىك باغرىدىكى بەخت مەنزىلىگە ھامان يېتەلەيدۇ. چۈنكى ھەقىقىي بەخت ۋە خۇشاللىق روھنىڭ دەل ۋە ماس ھالدا قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بىرلىك دەۋرانىدا ئىللىق چىراي ئاچىدۇ. تەپسىر شۇ:

بەخت ئىشتىياقىدىكى تەنھا ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ خاس روھىنى ئاڭلىق ئىدراكلىشى، ئۇنى مەھكۇم ھاياتلىق تەرتىپلىرىدىن بىر ـ بىرلەپ ئازاد قىلىشى، ئاندىن ئۆزگىلەر بىلەن، ھەتتا كۆللى ئالەم مەۋجۇداتلىرى بىلەن ئورگانىك بىرلىك ھاسىل قىلىشى، بىرلىك روھىنى ھالقىش شەكلىدە ئۆزلۈكسىز زورايتىشى، بارلىق ئىمكانىي بوشلۇقلارنى بىرلىك ۋىسالىغا نىشانەن پۈتۈن سۈرۈك ئىگىلىشى لازىم. ئەڭ مۇھىمى، بىرلىك تۈزگۈچى ئۆزلۈك گەۋدىلىرى ئارىسىدا بىرلىككە مۇناسىپ يېتەرلىك مەنىۋى ئورتاقلىق بولۇشى شەرت. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىرلىك — نەپسىنى شەرت قىلغان تەنىي ياكى ماددىي بىرلىك سۈپىتىدە روي بېرىپ، روھىي زىددىيەت ئىچىدە بۇرۇقتۇم ھاۋا تۇرتۇپ، سائادەت چېچەكلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تۆكۈۋېتىدۇ.

تەنھالىق ھامان مەۋجۇت. ئۇ تېنىڭدە، روھىڭدا، ئىش ـ ئەمەلىڭدە ساڭا ھەمراھ بولۇپ، قەلبىڭگە شولا تاشلىغان بارلىق نەرسىنىڭ خاس قىممىتىنى ئىشارە قىلىپ تۇرىدۇ. ئاشۇ قىممەتلەرنى تەنھالىق ئارقىلىق بايقاش بىر سەۋەب ياكى بىر پۇرسەت بولسا، ئۇ ھالدا، تەنھالىقنىڭ باغرىنى كامالەتكە نىشانەن تەپەككۇرەن كېزىپ چىق، ئۇنىڭ چەكلىرىدە بارچە بىلەن بىرىكىپ مۆجىزىۋى ھاللىرىڭنى ئوچۇق كۆرسەت. تەنھالىقنىڭ خاسىيىتى بىر ئۇيغۇن ۋە شەرەپلىك بىرلىكتە، ئۇنىڭ بەختىيار دەۋرانىدا ئاشكارا بولسۇن! تەنھالىق گەرچە سېنى سەن رەت قىلغان ئاددىي بىرلىكنىڭ ئومۇملۇققا ئىگە ئاددىي نىسۋىلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش تەرتىپىدە، يەنە سەن ياقلىغان ئالاھىدە بىرلىكنىڭ ئايرىملىققا ئىگە ئالاھىدە نىسۋىلىرىگە ئارتتۇرۇش تەرتىپىدە قىيناپ جېنىڭنى پارە ـ پارە قىلسىمۇ، ئەمما ئۇ سېنىڭ ئىنسانىي روھىڭنى ئادەتتىن تاشقىرى پارتلاش پۇرسىتىگە، ئىگىلەش كۆچەگە ۋە قۇرۇش ئىرادىسىگە ئىگە قىلىپ، ئىنسانىي سۈپەت مەنزىلى بىلەن بولغان ئارىلىقىڭنى قىسقارتىدۇ ھەمدە كامىللىق مەقاملىرىدا ئىجتىمائىي سائادەتنىڭ بەرپاچىسىغا ئايلاندۇرىدۇ.

تەنھالىق ھامان ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبكە باغلىنىپ شەكىل ئالىدۇ. ئىچكى سەۋەب روھقا، تاشقى سەۋەب دۇنياغا باغلىنىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ياكى بىر پۈتۈن ھالدا تەنھالىقنى يارىتىپ تۇرىدۇ. تەنھالىقنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە رول ئوينايدىغان نەرسىلەرنىڭ كۈچى، ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇقىمسىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەنھالىققا كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ بىردەك بولمايدۇ. تەنھالىق ھەمىشە سەۋەبنىڭ ئالاھىدە سالمىقى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ ئالاھىدە كۈچى ئارقىسىدا روي بېرىپ، ئادەمنى ئالاقىدار يوسۇندا ئېتەك يايىدىغان ھالقىش پەللىلىرىگە سۈرۈپ بارىدۇ. يەنى تەنھالىق سەۋەبكە ۋە ئۇنىڭ پەرقلىق تەسىرىگە ماس شەكىل ئېلىپ، ئادەمنى ئۇنىڭ ئاساسىي مەنزىلىگە تارتىپ تۇرىدۇ. بۇلارنى تەنھالىق بىلەن تەنھالىق سەۋەبلىرى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۆلىمى، دەرىجىسى ۋە نەتىجىسىدىن بىر ـ بىرلەپ ئايرىش مۇمكىن. تەنھالىق شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى ماھىيەتكە ۋەكىللىك قىلالمىسىمۇ، ئەمما تەنھالىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى ھادىسە دەپلا چۈشىنىش مۇمكىنچىلىكى يوق. ھادىسە سۈپىتىدىكى تەنھالىقنىڭ ئومۇملۇق تەرەپتىن قىستاشلىرى ماھىيەتكە تەسىر كۆرسىتىپ، ماھىيەتلىك

نەرسىلەرنىڭ تەنھالىق شەكلىدە ئىپادىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىشى مۇمكىن. باشقىچە ئېيتقاندا، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ
تەركىبىدە ھاياتلىق ھادىسىسى يايغان شەيئىلەرنىڭ تەنھا-
لىقى ئۇلار بىلەن ھەمنەپەسلىك مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئا-
دەمگە تەسىر كۆرسىتىپ، ماھىيەت سۈپىتىدىكى ئىنساني
روھنىڭ تەنھالىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئۇ-
نىڭدىن باشقا، ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان ئىنساني روھ ئادەمگە خاس بولغاچقا، ئادەم
مۇشۇ خىل خاس روھنىڭ خاسلىق تەرىپىدە بىر - بىرى-
دىن پەرقلىنىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ بىرلىك ھاياتىدىكى ئا-
ساسي ئىپادىسىمۇ مۇناسىپ ھالدا پەرقلىق مەنىگە ئىگە
بولۇپ، پەرقلەر ئارا زىددىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ
كېلىپ، تەنھا ئىپادىلىنىش زۆرۈرىيىتىدە تەنھالىققا
سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا تەنھالىقنى ھادىسە
ۋە ماھىيەت قاتلاملىرى بويىچە تەكشۈرۈش ئۇنىڭ چىن-
لىقىنى ئادەمگە پاراللېل قويۇپ ئايدىڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە. تەنھالىق مۇئەييەن سەۋەبكە باغلىنىش-
لىق ھاياتلىق شەكلى بولغاچقا، ئۇنىڭدا ماھىيەت بىلەن
ھادىسىنىڭ سەۋەبكە ماس ياكى پاراللېل ئوينايدىغان
رولى دىققەتكە سازاۋەردۇر.

تەنھالىق ھادىسە سۈپىتىدە كۆرۈنگەن بولسا، ماھى-
يەت ئۇنىڭ تەكتىدە بىرلىك سائادەتلىرىگە تەلپۈنگۈچى
تۈپكى روھقا ۋەكىللىك قىلىپ پىنھان جۇش ئۇرىدۇ.
باشقىچە ئېيتقاندا، تەنھالىق ھادىسە سۈپىتىدە كۆرۈنگەن
بولسا، ماھىيەت بىرلىك روھىغا، بىرلىك تەرتىپلىرىدە كۆ-
رۈلمىش بەخت ئىشتىياقىغا ئايلىنىدۇ. شۇ سەۋەب تۈپەي-
لى، ماھىيەت ھامان بىرلىكنى، بىرلىك تىپلىرىدىكى ماس
ۋە دەل بەخت - سائادەتلەرنى ھىمايە قىلىپ، ھادىسە
سۈپىتىدىكى تەنھالىقنى بەربات ئېتىدۇ. بۇنىڭدا ماھىيەت-
تىن بىخەۋەر يۈرگىنىڭنى تەن ئال ھەم ئۇنىڭ ھۆر ھا-
لەتتىكى جۇش - شىددەتلىرىنى تەنھالىقىڭغا كۈچ قىلىپ
ئۇلاپ، بىرلىك سائادەتلىرىڭنىڭ قەدرىنى كۆتەر. ھادى-
سىۋى دۇنيانىڭ قىممىتى ماھىيەتلىك دۇنيانىڭ قىممىتى-
دىن ئۇزۇق ۋە قۇۋۋەت ئالغان چاغدىلا، ئاندىن ئۆز
شەكلىنىڭ جىلۋىلىرىگە ھەقىقي مەنە ئاتا قىلالايدۇ.

تەنھالىق ماھىيەت سۈپىتىدە كۆرۈلگەن بولسا،
بىرلىك ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ساختا ھادىسىگە، بەختسىزلىك-
نى يوشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر نىقابىغا ئايلىنىدۇ. باشقىچە
ئېيتقاندا، تەنھالىق ماھىيەت سۈپىتىدە كۆرۈلگەن بولسا،
بىرلىك ئۇنىڭغا قارىمۇقارشى ھادىسەنىڭ روھىغا، مەيل -
رايىسىز سائادەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئادەمنى زىتلىق
ئىچىدە ھادىسىدىن ھالقىشقا ياكى ئۆزلۈككە بېكىنىشكە
ۋە ياكى بارچىنىڭ سىرتىدىكى تەنھالىققا ئىنتىلىش رەۋى-
شىدە سەرسانلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇ سەۋەب تۈپەي-
لى، ھادىسە سۈپىتىدىكى بىرلىك ماھىيەت سۈپىتىدىكى
تەنھالىقنى ئېتىراپ قىلالماي ھەم ئۇنىڭغا ھەقىقىي مەنى-
دىكى بەخت - سائادەت ئاتا قىلالماي، ئادەمنى قاغجىرى-
غان قەرزدارلىق چۆللىرىدە قاق سەنەم مۇساپىر ئېتىدۇ.
ئوخشاشلا ماھىيەت سۈپىتىدىكى تەنھالىق ھادىسە سۈپى-
تىدىكى بىرلىكنى ئېتىراپ قىلالماي ھەم ئۇنىڭغا ھەقىقىي
مەنىدە ئەقىدە تەقدىم ئېتەلمەي، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىسيانى-
كار ئاياغلىرىدا رەھىمسىز چەيلەيدۇ. بۇنىڭدا ھادىسىدىن
بىخەۋەر يۈرگىنىڭنى ياكى ئۇنى رەت قىلىش تەرتىپىدە
تەنھالىقتىن تەنھالىققا ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ بىرلىكىدە
يېپيېڭى بىرلىك شەكىللىرىگە ئىمكان تاپمىغىنىڭنى تەن
ئال. ھادىسىسىز ماھىيەت غۇنچىسىز گۈلگە ئوخشاش
كۆرك - ھۆسندىن مۇستەسنا بولۇپ، ئىنساني سائادەتكە
ھامان ئىمكان بەرمەيدۇ، يەنى ئۇنىڭدا ماھىيەتتىن ھادى-
سە قويىندا تۇرۇپ بەھرە ئېلىش ۋە ئۇنى ھادىسە ئارقى-
لىق ئىسپاتلاش ئىمكانى بولمايدۇ. بۇ ھالدا، ئىنسانلىق-
نىڭ تەبىئىتىنى دۇنيالىقنىڭ تەبىئىتىگە ماس ئىلگىرى
سۈرۈش، ھاياتقا ھاياتنىڭ قائىدە - قانۇنىيىتى بويىچە
مۇئامىلە قىلىش، ئادالەتنى تەرتىپىدە ھىمايە
قىلىش، كامالەتنى بەخت تەمىدە تېتىش ۋە تەقدىم
قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمايدۇ.

تەنھالىق ئىنسانلىق تەركىبىدە يەنىلا بىر سوئال،
يەنىلا بىر سىر - مۇئەممە. ئۇنىڭ جاۋابى تەن غارىدا
جۇش ئۇرۇۋاتقان روھنىڭ راي ۋە زىلزىلىلىرىدە، دۇنيا
غارىدا ئايلانما ئېقىم ھاسىل قىلىۋاتقان پەسىل - كىلىمات
تاناسىپلىرىدا، ئالەم غارىدا مەۋجۇت بىرلىك تۈزۈلمىلىرى-
نىڭ ھېكمەت ۋە ھېكايەتلىرىدە!

روھنىڭ ئەزەلىي مەۋجۇدىيىتى ۋە مىسلىسىز كۈچ -
قۇدرىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەنھالىق ھاياتنىڭ زاۋاللى-
قىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. تەنھالىقتىن زاۋاللىققىچە بولغان
ئارىنىڭ مۇساپىسى يەنە نۇرغۇن كەچۈرمىشلەرنى شەرت
قىلىپ، ئىنساننى ھامان ئۆزىنىڭ ئەسلىي روھىي مەنبەلى-
رىگە يېقىن سۈرۈپ تۇرىدۇ ياكى ئۇنى ئەسلىگە يۈزلەن-
گەن قايتا ئويلىنىشقا دەۋەت ئېتىپ تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ

تەنھالىق ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۆزلۈكى بىرلىك ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۆزلۈككە قارىغاندا تېخىمۇ چىن، تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە تېخىمۇ قۇدرەتلىك بولۇپ، قارىغۇلارچە بېقىنىش ياكى ئەگىشىش خاراكتېرىدىكى ساختا ئۆزلۈكتىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئىنساننىڭ كىشىلىك ھاياتتا باشتىن - ئاخىر ئىزدەيدىغىنى ۋە ئۇنىڭدا ئەڭ زور دەرىجىدە ئۇنۇم بېرىدىغىنى ئەمەلىيەتتە يەنىلا ھەقىقىي مەنىدىكى خاسلىققا ئىگە ئۆزلۈك مەۋجۇدىيىتىدۇر. بۇنداق ئۆزلۈككە، ئۇنىڭ خاس شەكلى، خاس ئېڭى ۋە خاس كامالىتىگە تەنھالىق يولى بىلەن، تەنھالىق تەمىن ئەتكەن ئارامدار پۇرسەت ۋە قوزغىغان مىسلىسىز كۈچ - قۇدرەت ئارقىلىق ئېرىشىش تامامەن مۇمكىن. تەنھالىقنىڭ بۇ خىل ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ قىممىتى تەركىبىدە ئىنساننىڭ تەپەككۇر ھالقىشلىرىغا كۈچ ئاتا قىلالىسا، كەلمىش ياكى قىسمەت سۈپىتىدىكى تەنھالىقنى بەخت - ئامەت سۈپىتىدىكى تەنھالىققا، يەنى ئۆزلۈك بەختىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىگە ئايلاندۇرۇپ كامالەت پەللىلىرىگە ئۇتۇقلۇق يېتىشتە گەپ يوق. شۇڭا، تەنھالىق قانداق بىر جايدا، قانداق بىر شەكىل ۋە مەقسەتتە كۆرۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدىن ھالقىشنىڭ ياكى ئۇنى بىرلىك ھالىتىدە بەربات ئېتىپ بەخت قۇچۇشنىڭ تايىنىش نۇقتىسىدا روھ ھامان ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. روھ — ئىنسانغا، ئۇنىڭ ئۆزلۈك مەنىسىدىكى بىرلىك گەۋدىسىگە خاس ماھىيەت بولۇپ، باشتىن - ئاخىر بىرلەمچى رول ئوينايدۇ. ئۇ ئۆزىدىكى ئالاھىدە تۇغما بىلىش ئامىللىرى بىلەن ئۇچۇر ۋە تەجرىبىدىكى ۋاستىلىك بىلىش ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشى ئارقىلىق يۈكسىلىپ، ئىنساننىڭ ھاياتلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بارچە قاتلىمىغا يېيىلىپ، ئىز سېلىپ، نەتىجە بېرىپ تۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئىنسان ئېرىشكەن ئاڭ، قوزغىغان ھەرىكەت ۋە نىشانلىغان مەنزىللەرنىڭ ھەممىسىگە روھنىڭ پۈتۈن سۈرۈك مەزمۇنى سىڭگەن بولىدۇ. ئوخشاشلا ئىنسانغا ئالاقىدار كۆرۈلگەن بارچە نەرسە روھتىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ روھنىڭ نەرسىلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن ۋە ئاڭدا ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. بۇ ھالدا روھنى ئەسلىي ھالىتىدىكى تۇتۇق ھېسسىيلىقتىن پەرقلىق سۈزۈك ئىدراك مەنىسىدە قايتا تونۇش مۇمكىن بولغاچقا، ئۇنى ھاياتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇپ بىرلىك ئىمكانىنى ئىگىلەش ئىرادىسىگە ئېرىشكىلى، موھتاجلىق قامالى ۋە يەكلەش زەربىسى ئاستىدىكى بارلىق تەنھالىق تۇيغۇلىرىدىن خالاس تاپقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنسانىي روھ ھەرقاچان مىللىي روھ بىلەن ئىجتىمائىي روھتىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۇلار بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىشىپ، مۇئەييەن دەرىجىدە ئومۇمىي خۇسۇسىيەت ھاسىل قىلىپ بارىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ تەنھالىقنى يەنىلا نىسپىي مەنىدە چۈشىنىش مۇمكىن. ناۋادا مۇتلەق مەنىدە چۈشىنىشكە توغرا كەلسە، بۇ ئىنسانىي روھنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆزلۈكسىز تەۋەللۇت قىلىدىغان مىللىي ۋە ئىجتىمائىي روھنىڭمۇ تەنھالىقنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. بۇ ھالدىكى تەنھالىق شەخسنىڭ، مىللەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تەنھالىقى بولۇپ، تاشقى دۇنياغا نىسبەتەن بىتەرەپ مەۋقەنى، شۇنداقلا يەنە ھالقىش چەكلىمىلىرى ئىچىدىكى پاجىئەلىك ئۆزلۈكنىڭ چىنلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ. بىرلىك مەنىسىدىكى بۇ خىل تەنھالىقتىن ھالقىشتا ئوخشاشلا روھقا، ئاساسلىقى مىللىي روھقا، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە زامانىۋى كۈچ - قۇدرىتىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىنسانىي روھ ۋە ئۇنىڭ مىللىي شەكلى ئۆزىدە ھاسىل قىلغان ھاياتلىق كۈچ - قۇدرىتى شەخستىن، زاماندىن ۋە ماكاندىن ھالقىغان ناھايىتى كەڭ دائىرىدە مەزمۇنلانغان بولغاچقا، قىسقىسى ئۆزىگە خاس بىر مەدەنىيەت تۈپرىقىدا خاس ھاياتىي كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇنى مەنبە قىلىش، ئۇنىڭغا تايىنىش، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى ۋە زامانىۋى پەللىلىرىدىن مەۋجۇتلۇققا ئالاھىدە شەكىل ئاتا قىلىش ئارقىلىق ھەرقانداق بىر شەكىل ۋە مەنىدىكى تەنھالىقتىن غالىب كېلىشتە شۈبھە يوق! ئەلۋەتتە ئۆزلۈك روھى بىلەن مىللىي روھقا تايىنىش خاراكتېرىدىكى قۇتۇلۇش ھەرىكىتىدە، روھنىڭ ھۆرلىكى بىلەن قۇدرىتىدىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ ۋاستىسىگىمۇ ئېتىبار بىلەن قاراش زۆرۈر. بۇنىڭدا ئاساسلىق ئۇنۇم بېرىدىغىنى ئوبيېكت ھەم مەنزىللەر ئارا ئورتاق تەرەپلەردە ھەمكارلىشىش، ئورتاق تەقدىرىي قىسمەتلەردە بىرلىشىش، ئورتاق مەنپەئەت ۋە ئىقبال نۇقتىلىرىدا شەرتلىشىش ئۇسۇللىرىدىن ئىبارەتتۇر.

تەنھالىقنىڭ ئۇلانما تەسىرى ۋە ئۇنۇمىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ كۆپىنچە شەخس مەنىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. يەنى بىر ئادەمنىڭ تەنھالىقى ئۇنىڭ كىشىلىك ئالاقىلىرىدىن تاشقىرىقى ئىجتىمائىي، مىللىي، ھەتتا دۇنياۋى سەۋەبكە باغلىنىپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن

بولىدۇ. شۇڭا ئادەمنىڭ تەنھالىقنى مىللىي توپنىڭ تەنھالىقى، مىللىي توپنىڭ تەنھالىقنى ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە تۈزۈلمىنىڭ تەنھالىقى، ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە تۈزۈلمەنىڭ تەنھالىقنى دۇنيانىڭ تەنھالىقى، دۇنيانىڭ تەنھالىقنى بولسا ئالەمنىڭ تەنھالىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەنھالىقنىڭ مۇشۇ خىل ئۇلانما مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ ئەكس تەسىرىگە ئاساسەن ئېيتقاندا، تەنھالىق تۇغۇمدىن ئۆلۈمگىچە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا داۋام ئېتىدىغان تۈپكى ھاياتلىق تۇيغۇسى بولۇپ، ئىنساندا ھامان ئىككى خىل يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئىككى خىل كۈچنىڭ مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىجابىي تەرەپتە، تەنھالىق تۇيغۇسى مەنىۋىي ھالقىشنىڭ ئەركىنلىك دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، روھنىڭ بىرلىك ئىشتىياقىنى ئۇلغايتىپ، ئادەمنى تەنھالىققا مەھكۇم ئەتكۈچى بارلىق شەيئىلەرنىڭ سىرتىغا، بىرلىك ھاياتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ۋە تېخىمۇ مۇكەممەل شەكلىگە، ھەتتا ئالەمنىڭ ئىگىسى ۋە ئەسلىي زاتىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. سەلبىي تەرەپتە، تەنھالىق تۇيغۇسى مەنىۋى ھالقىشنىڭ قۇللۇقىدا ئىنسانىي سولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىللە، روھنىڭ بىرلىك ئىشتىياقىنى تۇرمۇزلاپ، ئادەمنى تەنھالىققا مەھكۇم ئەتكۈچى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىچىگە، تەركىب ۋە تەرتىپىگە، ھەتتا يوقلۇق ۋە جەھەننەم چەكلىرىگە سۆرەيدۇ. شۇڭا، بىر ئادەم، بىر مىللىي توپ ياكى بىر جەمئىيەت تەنھالىقتىن ئىبارەت بۇ تۈپكى تۇيغۇنىڭ ئىجابىي تەرىپىدە ئېنىق ئېتىقاد يېتەكچىلىكىدىكى بىرلىك تىپلىرىنىڭ ھالقىش داۋامىدا ئېرىشكەن مۇكەممەل شەكلى ۋە ھامىلىق كۈچ - قۇدرىتىنى ھاياتلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق تايىنىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇشى لازىم. سەلبىي تەرىپىدە بولسا، تەنھالىقنىڭ ئىجتىمائىي ئاساس ۋە پىرىنسىپلىرىغا قارشى ئالىق قورۇلۇشى داۋامىدا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر ئىدىيەنىڭ شەكلى ۋە يېتەكچى كۈچىنى ھاياتلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق تايىنىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇشى لازىم. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىدە ئىشقا ئاشقان ئىجتىمائىي ھاياتتا تەنھالىق تۇيغۇسنىڭ ئومۇمىي ھالىتىگە چەك قويۇپ، مۇئەييەن ئىنسانىي، مىللىي ۋە ئىجتىمائىي غايىلەرنىڭ قىممىتىدە ئورتاق سائادەت تېپىش ياكى ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئىمكانىيەت يارىتىش تامامەن مۇمكىن. ھاياتلىق ھەرىكىتى ئادەمنى ئاساس قىلىپ باشلىنىدىغان بولغاچقا، ئادەم ھاياتلىق ھەرىكىتىدە بىرلەمچى ئورۇندا ئاساسلىق رول ئوينايدىغان بولغاچقا، شۇنداقلا بارلىق مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلىرى ئاقىۋىتىدە يەنىلا ئادەمنى مەقسەت قىلىدىغان بولغاچقا، ئادەمنىڭ ئۆزلۈك سائادىتى مەسلىسىنى ھەرقاچان ئالدىن ئويلىشىش لازىم. بۇ، ئومۇمىي مەنىدىكى تەنھالىق تۇيغۇسى بىلەن ئىجتىمائىي سائادەت ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت ھاياتلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. چۈنكى ئادەمنىڭ ئۆزلۈك سائادىتى ئارقىلىق مىللەتنىڭ بىرلىك سائادىتىگە، مىللەتنىڭ بىرلىك سائادىتى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئورتاق سائادىتىگە، جەمئىيەتنىڭ ئورتاق سائادىتى ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي سائادىتىگە ئېرىشكىلى، تەنھالىققا تەبىئىي چەكلىمە پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئۆزلۈك شەكىللىرى ۋە ئۆزلۈك تۇيغۇلىرىدىن غالىب كەلگىلى بولىدۇ.

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر كۈتۈپخانا «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە

(بېشى 63- بەتتە)

**قەلبىمگە**

ئەي قەلبىم سەن شېرىن غەملەرگە تولغىن،
تول يەنە زەھەردىن ئۆتكۈر ئاچچىققا،
بىردەملىك شېرىنلىك شۇنچىلىك زىلۋا،
يوق بولار چۈشۈڭدىن ئويغانغاندەكلا.

ئەي قەلبىم تىنچلان، كۆتۈرمە پەريات،
بۇ ئىشلار مۇشۇنداق بولىشى كېرەك.
ئۆزىچە ئۆمرۈڭگە بۆسۈپ كىرگەنلەر،
ئۆزىچە شۇنداق ھەم يوقالسا كېرەك.

جىگىرىڭ كۆيۈكنى ھىس قىلغان بولسا،
يۈرۈكلۈك غازاڭدەك تىترىگەن بولسا،
دېمەك پۈتلىرىڭ يەر دەسسەپ تۇرسا،
باشقىسى تاماشا، بارى بەدەركا !

ئاپتور: پىچان ناھىيە دالانكارىز يېزا قۇمباز كەنتىدىن

ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى

# نامراتلىق ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئىكى



نامراتلىق ھازىرقى زاماندىكى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. چۈنكى، نامراتلار ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ باش قاتۇرىدىغان، باشقۇرۇش ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى ئەڭ مۇشكۈل بىرجامائەت توپىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، نامراتلار رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى يۇقىرى، قۇرساق مەسىلىسىنىڭ تۈرتكىسى زور. شۇڭا، ئۇلار نان تېپىپ يېيىشنىڭ ئازدۇرۇش كۈچى ئالدىدا خىلمۇخىل كويلاردا بولغاچقا جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ياكى ھۆكۈمەتنىڭ نۇقتىلىق يۆلىشى كېرەك بولىدىغان ۋە ياكى شەھەرلەردە نۇقتىلىق تۈزەيدىغان بىر ئاممۋىي توپ ياكى ئىجتىمائىي جامائەت بولۇپ قالدى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كەڭ بايلىق مەنبەسى ۋە ئىستېمال قوشۇنى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى، پسىخىكىسىنى، تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ۋە ئۈمىد ئارزۇسىنى چۈشىنىش نۆۋەتتىكى ئەھۋالنى تەھلىل، تەتقىق قىلىش ۋە دىياگنوز قويۇشتىكى مۇھىم بىر تەرەپ ھېسابلىنىدۇ.

## نامراتلىق بىزدىن نېرى تۇر

### 1. نامراتلار ۋە مائارىپ

نامراتلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى مائارىپ تەربىيەسى ئېلىشى قىيىن، تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئۇلار بورۇنلا سەرەڭگە ساتقۇچى قىزدەك ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يېشىدىن بورۇنلا ئۆيىنىڭ ئاش - توزى ئۈچۈن پۇل تېپىشقا چۈشىدۇ. دەسلەپتە نامراتلارنىڭ باللىرى جاپالىق ۋە زېرىكىشلىك دەرسلەردىن كوچا چۆرگىلەپ چار بازارچىلىق قىلىشنى ئىنتايىن ياقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياشىغان مۇھىت ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىن كىچىكىدىنلا ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش قاتارلىق ناچار ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن ئازدۇرغۇچى مەئىشەتلىرى ئالدى بىلەن مۇشۇنداق پسىخىك ئىممونىت كۈچى ئاجىز بولغان ياش، سەبىي ۋە غۇبارسىز غۇنچىلارغا تەسىرى ئەڭ چوڭ بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق، بىليارت ئويناش، سىنئالغۇ كۆرۈش قاتارلىق ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئوغۇللار كىچىكىدىن باشلاپلا تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن مال يۆتكەش ۋە چۈشۈرۈش، قورۇلۇشتا خىش توشۇش،

كۆمۈر سېتىش، ھارۋا تارتىش ۋە تاشلاندۇق سايمانلارنى
يىغىش قاتارلىق ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرنى قىلىشقا
مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئىقتىسادىي قىممىتى ئاز ئىشلەمچىلىك
بالىلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ.
ئۇلارنىڭ تەن ئاغرىقىدىنمۇ قورقۇنچلۇق بولغىنى
ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئاچارچىلىق ۋە مەنىسىزلىك
بولۇپ، ئەسلىدىلا ئۆزلىرىگە ئوخشاش كۆلپەتتە چوڭ
بولغان ئاتا-ئانىلىرى ئۇلار تەشنا بولغان توغرا تەربىيە
ۋە مەنىۋى يېتەكچىلىكنى بېرەلمەيدۇ. بالىلىرىنى بوراۋنراق
قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھۆ-
كۈمەت بەرگەن ئوقۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كەچكۈزۈپ،
ئۇلارنى يايمىكەشلىك يولىغا سالىدۇ. ئەگەر بالىلىرى پۇلنى
كۆپ تاپسا مۇكاپات، تاپالمىسا تاياق ۋە دۈشكەل بىلەن
مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ خىل مۇھىتتا بالىلارنىڭ مەنىۋى ۋە
جىسمانىي جەھەتتە يارامىلىق ئادەم بولۇش پۇرسىتىدىن
ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا بالىلار ئىختىيارسىز ئاسان
پۇل تاپىدىغان يوللارنى ئىزدەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى
قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ ھارام بېيىش يولىدىكى ئۆبىيېكتلى-
رىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئوغۇللار بولسا يانچۇقچىلىق، ئوغرى-
لىق ۋە بۇلاڭچىلىق، قىزلار بولسا ئىپپەت-نومۇسىنى
سېتىش قاتارلىق تۇيۇق يوللارغا مېڭىپ ئۆمۈرلۈك ئىستىق-
بالى ۋەيران بولىدۇ. بۇ بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن
«جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەيدىغان كېيىن
ئەپلەپ سەپلەپ كۈن ئالىدىغان كۆچمەن مەدىكارلارغا ئاي-
لىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئورنى ئۆزلىرىگە
ئوخشاش لايىقتىن بىر تېپىپ توي قىلىدۇ. نامراتلار رايونى-
دا تۇغۇت سەل ئەركىن بولىدۇ، مۇھىمى بۇ جايلاردا
تۇغۇت سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىر قەدەر قىيىن.
شۇڭا، ئۇلار «بالىنىڭ رىزقىنى خۇدا بېرىدۇ» دەپ بالىنى
ئېلىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئاچ-توق چوڭ بولۇپ،
ئاخىرى ئۆز ئاتا-ئانىلىرىنىڭ يولىغا ماڭىدۇ. نامراتلارنىڭ
مائارىپقا بولغان ئۈمىدى چوڭ ئەمەس، ئۇلار بۇنداق تەن-
نەرخى يۇقىرى، ئۇزۇن يىل «زىيىنى»غا مەبلەغ سالىدى-
غان بۇ خىل «ئوقۇش سودىسى»غا چىدىمايدۇ، شۇنداقلا
ئۇلارنىڭ ھال-ئوقىتمۇ بۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇڭا
نۇرغۇن نامراتلاردا: «تېرەك ياغىچى بادىر بولماس،
دېھقان بالىسى كادىر بولماس» دەيدىغان خاتا ئىدىيە
كۈچلۈك. ئۇلار بالىلىرىنى بولسىمۇ ئوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ
تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتەك يىراقنى كۆرەرلىك قارىشى يوق.

شۇڭا ئۇلار «ئەتىكى ئۆپكىدىن بۈگۈنكى قۇيرۇق ئەلا»
دەيدىغان كۆز ئالدىدىكى پايدىنى قوغلىشىدىغان تىرىكچى-
لىك ئېڭى بىلەن بالىلىرىنى كىچىك يايمىلارغا سېلىپ قويى-
دۇ. بۇ خىل ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىدىغان يامان سۇ-
پەتلىك ئايلانما نامراتلارنىڭ كەمبەغەللىكتىن قوتۇلۇشىدى-
كى بىر زور پۇتلىكاشاڭ بولۇپ، مائارىپ مەشئىلىنىڭ
كۈچلۈك نورىنى تۇسىدۇ. بۇ بەلكىم نامراتلارنىڭ گادايلىق-
تىن قوتۇلالماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

## 2. نامراتلار ۋە ئىشسىزلىق

ئىشسىزلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ئىجتىمائىي ھادىسى-
سىلەرنىڭ يىلتىزى. بىز تېلېۋىزوردا چەت ئەلدىكى بەزى
كىشىلەرنىڭ دائىم ئىشسىزلىق سەۋەبىدىن كەلتۈرۈپ چىقار-
غان نامايىش، قالايمىقانچىلىق ۋە پاراكەندىلىك ۋەقەلىرىنى
كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇ كىشىلەرنىڭ تەلىپى بولكا مەسىلىسى
ياكى بىزنىڭ تىلىمىز بويىچە نان مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن
ئىبارەت. ئىش بولمىسا قورساق مەسىلىسى ھەل بولمايدۇ،
ئۆينىڭ ھەر خىل چىقىملىرى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. دەم
ئېلىش ۋە داۋالىنىش پائالىيەتلىرى مۇقىم ئىقتىسادىي تا-
يانچقا ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا، نان تېپىپ يېيىش مەسىلىسى
بۈگۈنكى دۇنيا ئەللىرىنىڭ يولۇقىدىغان مۇھىم مەسىلىلەر-
نىڭ بىرى.

نامراتلار مۇقىم ئىش ئورنى يوق كۆچمەن كەسپتىكى-
لەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار تام قوپۇرۇش، مال يۆتكەش،
پاختا تېرىش، كۆكتات يىغىش، سو توشۇش، ۋېلىسىپىت
ياساش، ياماقچىلىق، ناۋايلىق، كاۋاپچىلىق... قاتارلىق
خىلمۇخىل كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. نۇرغۇن ئىشلار
ۋاقىتلىق بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئىشسىز قېلىش ئىمكانىيىتى
بىر قەدەر كەڭ، ئۇلار بۇ خىل ئۇدۇللۇق كۈن ئۆتكۈ-
زۈشكە كۆنۈك.

كىرىمى ئاز ئىدارە-ئورگانلاردا، كان-كارخانىلاردا
ئىشلەيدىغانلار يەنىلا نامراتلارنىڭ بىر قىسمى. خادىم قىس-
قارتىش دولقۇنلىرى ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ كىشىلەرگە زەربە
بېرىدۇ. ئۇلار ئىشتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ
كاپالەت پۇلى بىلەن تەمىنلىشىگە، ياكى ئاچسا باج ئالماس-
لىق ئېتىبار سىياسىتىگە ئىگە. لېكىن مال باھاسى ئۇچقان-
دەك ئۆرلەۋاتقان، داۋالىنىش ھەققى، ئوقۇش راسخوتى
ئۈزلۈكسىز ئۆرلەۋاتقان بۇ كۈنلەردە نەچچە يۈز يۈەنلىك
كاپالەت پۇلى ۋە كويچەنلەپ تاپقان پارچە پۇلى نېمىگە يې-
تىدۇ دەيسىز؟! شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى پېقىرچە

لىق بىلەن ئۆتىدۇ.

### 3. نامراتلار ۋە سودا ئېڭى

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار: «بىر ئوتۇنچى يىگىت تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىپ، بىر توشقاننى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرەخ تۈۋىدە ئۇنى مارىلاپ تۇرىدۇ. ئۇ قولغا چۈشەي دەپ قالغان توشقاننى كۆرۈپ، شېرىن خىيالغا چۈشىدۇ. ‹كۈندە بىر توشقان تۇتۇپ ساتسام، ئاندىن ئۇنىڭ پۇلىغا قوي ئالسام، قوي قوزىلاپ جىقلىسا، ئۇلارنى سېتىپ كالا ئالسام، كالا موزايلىسا...› ئۇنىڭ شىرىن خىيالى توشقاننىڭ شەپىدىن ئۈركۈپ قېچىشى بىلەن بەربات بولىدۇ»... ھېكايىدىكى ئوتۇنچىلىق ئېنىقكى، نامراتلار تەبىقىسىگە مەنسۇپ بىر كەسىپ، ئوتۇنچىنىڭ تېخى قولغا چۈشمىگەن ئولجا بىلەن تىجارەت قىلىش خىيالى قارىماققا كۈلكىلىك كۆرۈنگىنى بىلەن، بۇ ھېكايە نامراتلارنىڭ سودا ئېڭىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىراق، سودا دەسمايىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەبلىغىڭىز ئاز بولسا ئېنىقكى ئۇنىڭ خەۋپ ـ خەتىرى كۆپ بولىدۇ. خۇددى يۇقىرىدىكى ھېكايىگە ئوخشاش توشقان قولدىن كەتسىلا بارلىق كەلگۈسى پايدا قولدىن كېتىدۇ. نامراتلارنىڭ دەسمايىسى ئاز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تىجارەتتىن ئالىدىغان ھايىنى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار بايلار بىلەن بازار تالىشىدىغان، چىقىمى ئېغىر ۋە خەتىرى چوڭ سودىلارغا تەۋەككۈل قىلالمايدۇ. ئۇلار ئۈمىدىنى لاتارىيە ياكى تۇيۇقسىز ئۇچرايدىغان غەزىنىلەرگە باغلايدۇ. ئۇلار چىقىمى ئاز ياماقچىلىق، سەيپەلىك، باققاللىق، ناۋايلىق، مايلامچىلىق، چار بازارچىلىق، يايمىچىلىق قاتارلىق ئوششاق تىجارەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، بەزىدە چار بازارچىلىقنىڭ خەۋپىمۇ كىچىك ئەمەس، تەلىيى ئوڭدىن كەلمەي پرىنسىپچان بازار باشقۇرغۇچىلارغا ئۇچراپ قالسا نەس باسقىنى شۇ، مېلىنى تارتقۇزۇپ قويغاننىڭ ئۈستىگە قانۇنسىز تىجارەت قىلغىنى ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەيدىغان گەپ تېخى!

### 4. نامراتلار ۋە سالامەتلىك

نامراتلار بايلارغا ئوخشاش داۋالىنىش كاپالىتىگە ئىگە ئەمەس، داۋالىنىش خىراجىتىگە ئىگە بولغانلىرىمۇ ئاتچوت قىلالايدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز. شۇڭا، نامراتلارنىڭ سالامەتلىكى دائىم تەھدىتكە دوچ كېلىدۇ. كۆنسېرى ئۆرلەۋاتقان داۋالىنىش راسخوتى ئالدىدا بايلار چىدىماي ۋايساۋاتقان يەردە نامراتلار قانداق بولماقچى دەيسىز ؟! ھەر ھالدا نامراتلار دائىم جىسمانىي ئەمگەكلەر بىلەن چېنىقىپ تۇرغاچقىمىكىن، بەدىنى چىڭ ۋە ساغلام. بىراق، ئۇزۇن مۇددەتلىك جىسمانىي ئەمگەك ۋە ئاددىي ئەرزان تاماقلار ئۇلارنىڭ پولاتتەك قەددىنى ئېگىپ، ئىچكى ئەزالىرىنى مەزگىلسىز خورىتىدۇ. ھەر قانچە چىداپ تىك يۈرگەن بىلەن ئۇلارنى كۈتىدىغىنى كېسەللىكنىڭ ئېبلىس چاڭگىلى. ئۇلار بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىسىمۇ ياكى ئويلىماسلىققا تىرىشسىمۇ بۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋەتتىن ئۇلار قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى، تاپقان ـ تەرگىنى ئۇدۇللۇق بولغاچقا تاماقنىڭ ئۆلچىمى، سۈپىتى ۋە قۇۋۋىتى بىلەن ھېسابلاشقا ئامالسىز، بەزىدە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئاشخانا تازىلىقىنى ۋە تاماق بىخەتەرلىكىنى ھەقىدادىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاش قىيىن، ناچار ئوزۇقلىنىشقا جىسمانىي جەھەتتىكى ئوپراش قوشۇلسا قانداق ياخشى ئاقىۋەت بولىدۇ دەيسىز ؟!

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئېلىمىزدە كان ۋەقەسى بىر قەدەر كۆپ بولدى. بەزى ھادىسىلەردە بىر قانچە، بەزى كان ۋەقەلىرىدە ئون نەچچە ۋە ھەتتا نەچچە ئون كەمبەغەل ئىشچىلار ھادىسىگە ئۇچرىدى. گەرچە يۇقىرىدىن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن بەزى كان مەسئۇللىرى ئاز مەبلەغ سېلىپ، كۆپ پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ، كان ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلاش ۋە كان بىخەتەرلىكىنى چىڭ تۇتۇشقا سەل قارىدى. ئاقىۋەتتە تالاي يوقسۇل ئىشچىلارنىڭ ئائىلىسىگە ئېيتقۇسىز ئازاب ئېلىپ كەلدى. بەلكىم بەزىلەر بۇ ئىشچىلار بۇنداق خەتەرلىك جايدا ئىشلىگەندىن باشقا يەردە ئىشلىسە بولمامدىغاندۇ ؟ دەپ سورىشى ئېھتىمال. بۇ كەمبەغەل ئىشچىلارنىڭمۇ ئائىلىسى، ئايالى، بالىسى ۋە ئاتا ـ ئانىسى بار، قورساق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەكتە! ئۇنىڭ ئۈستىگە سانائەتلىشىۋاتقان دۆلىتىمىزدە نېفىت، گاز، كۆمۈر ۋە كان بايلىقلىرى شۇ قەدەر ئېھتىياجلىق، شۇ قەدەر پايدىسى كۆپ ساھەلەر تۇرسا كىمنىڭ كۆپ پۇل تاپقۇسى يوق، دەيسىز!؟ ۋەقە يۈز بەرگەندە پۇلنى بېلىگە تېڭىپ، «تۇلپار» ماركىلىق پىكاپلىرىنى ھەيدەپ، قايسى بىر كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا يۈرگەن بايلار بۇ پۇل سۇزۇۋالىدىغان ئىشلارنى ئالامدۇ دەيسىز ؟! مىڭ نەچچە يۈز يۈەن مائاش بېرىدىغان بۇنداق كانلار نامراتلارغا نىسبەتەن تارتىش كۈچىنى سىزمۇ سۆزسىز تەسەۋۋۇر قىلالايسىز ـ دە! نۇرغۇن ئورۇنلاردا بۇنچىلىك ھەق ئالالمايدىغان دۆلەت خىزمەتچىلە

رىمۇ ئاز ئەمەس.

مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن، بىچارە نامراتلار قورساق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇنداق كىرىمى ئوبدان ئورۇندا ئىشلىمەي نەدە ئىشلىسۇن؟! نەچچە جان ئۇنىڭ قولىغا قاراپ كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرسا، بۇنىڭغا كىمنىڭمۇ باشقا ئارتۇق ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇشقا چولىسى تەگسۇن دەيسىز!؟

5. نامراتلار ۋە قانۇن

نۆۋەتتە كۆچمەن نوپۇسلار يىغىلغان شەھەر ئەتراپى رايونلىرى باشقۇرۇش تەس بولغان رايونلار بولماقتا. كۆچمەنلەر رايونى ئەمەلىيەتتە بىر نامراتلار توپلاشقان ئورۇن، بۇ يەردە نىكاھدىن ئاجرىشىش، مال-مۈلۈك ئەنزىلىرى ئەسلىدىنلا كۆپ، ئوغرىلىق، ئۇرۇش-جېدەل، ئۆلۈش-يارىلىنىش ئىشلىرى بىر قەدەر كۆپ رايون، شۇڭا، بۇ يەر قانۇننىڭ زەربە بېرىش نۇقتىلىرى بولۇپ قالغان. بۇ يەردىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر تەس، ئىش تېپىشى مۇشكۈل، شۇڭا ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە بولغان مۇھەببەت تۇيغۇسىدىن كۆرە، نەپرەت، ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى كۈچلۈك. چۈنكى، ئادەم كىشىلىك تۇرمۇشى قانائەتلەنگەن چاغدا تۇرمۇشنى، ھاياتنى، جەمئىيەتنى، دۇنيانى سۆيۈش ۋە قەدىرلەش ئىستىكى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى قانائەتلەندۈرۈلمىگەندە ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن سۈركىلىشى، دۈشمەنلىشىشى كۆپ بولىدۇ. نۇرغۇن كەمبەغەللەر بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدىغان ئاجىز قاتلام، يەنە بىر تەرەپتىن سوغاقلىقى، ئاداۋەتخورلۇقى، قىساسكارلىقى بىلەن ئادەمنى چۆچۈتىدىغان خەتەرلىك بىر توپ. كىچىك بالىلار بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بىغۇبار، سەبى ۋە گۆدەك دەپ تەرىپلىنىدۇ، لېكىن بىز بەزىدە ياخشى تەربىيەگە ئىگە بولالمىغان بالىلارنىڭ پاقىغا مىق قېقىپ ماڭغۇزۇپ، ھاشاراتلارنىڭ پۇتىنى ئۈزۈۋېتىپ ئۇلارنىڭ جان تالاشقىنىنى كۆرۈپ، مۈشۈكنىڭ بوينىغا تانا باغلاپ قىيناپ، ئىتلارغا تاش ئېتىپ ئاغزى-بۇرنىنى قان قىلىپ، بۇلاردىن بىر خىل ھۇزۇر ۋە شادلىق تاپقىنىغا قاراپ چۆچۈيمىز. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەھشىيلىك، ياۋايىلىق ۋە ياۋۇزلۇقنىڭ ئىپادىلىرى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى قاراڭغۇ كۆرسىتىدۇ. بىز گېزىت-ژۇرناللاردىن بۆرە، ئېيىق ياكى مايمۇنلار بېقىۋالغان ئىنسان بالىلىرىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا قانداق ياۋايىلىقنى ئۆگەنگەنلىكى ۋە ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. دېمەك، ئىنسان ئىجتىمائىي مۇھىتتىن، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتىن ئايرىلسا، ئۇ ھايۋانلاردىن پەرقسىز ۋەھشىي، قورقۇنچلۇق مەخلۇققا ئايلىنىپ، ئىنسانلارغا خەۋپ-خەتەر كەلتۈرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەسلىدىنلا ياخشى تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ۋە بىر ئىناقسىز، جېدەلگە تولغان مۇھىتتا چوڭ بولغان، تۇرمۇشى نامرات كەمبەغەللەرنىڭ قىساسكارلىقى ھەر خىل ھىيلە-مىكىرلەرگە تولغان بايلاردىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، بايلار ئۇلارنىڭ ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە ئۇلار بىلەن ئارىلىق ساقلاشقا دىققەت قىلىدۇ. بۇ ھەرگىز ئۇلارنى ياراتمىغانلىقى ياكى گاداي كۆرگەنلىكىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان قاراملىقى ۋە ياۋايىلىقىدىن ئېھتىيات قىلغانلىقىدۇر.

كەمبەغەللەر كۆپىنچە تاپقىنىغا شۈكرى-قانائەت قىلىپ ياشايدۇ. ھېچكىم بىلەن ئارتۇق مەنپەئەت تالىشىپمۇ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ نامۇۋاپىق سەۋەبلەر بىلەن ئىش ھەققى تۇتۇپ قېلىنسا ياكى ئادالەتسىز بوزەك قىلىنسا، خۇددى بومبىدەك پارتلايدۇ. بەلكىم ئادەمنى چۆچۈتكىدەك جىنايى ۋەقەلەرنى سادىر قىلىشىمۇ مۇمكىن. بەزى تەربىيەسىز كەمبەغەل بالىلار كىچىكىدە ئۆگىنىپ قالغان خويى بىلەن يانچۇقچىلىق، ئوغرىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە بەزىلەر چوڭ پايدىنى كۆزلەپ زەھەرلىك چېكىملىك يۆتكەش، سېتىش قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ مۇمكىن. كىچىكىدىن جېدەل-ماجىرالاردا پىشىپ قالغانلىرى زوراۋانلىقىغا تايىنىپ ئادەم توپلاپ قارا گۇرۇھ تەشكىللىشى، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، قاتىللىق دېلولىرىنى سادىر قىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، نامراتلار قاتلىمىدا قانۇن بىلەن مۆكۈشمەك ئوينايدىغان ھالەت بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ. بۇ ھەرگىز بايلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. بايلار ئىچىدىمۇ باج ئوغرىلايدىغان، ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلىدىغان، ئادەم سېلىپ سۇيىقەست قىلىدىغان، قوش خوتۇنلۇق بولىدىغان، ھايانكەشلىك قىلىدىغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلار چىقىدۇ. لېكىن ئۇلار يەنىلا كۆپىنچە ئويلايدىغان نام-ئەمەل، ئابرۇي، مەرتىۋە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قاتارلىق ئامىللار كۆپ بولغاچقا، جىنايەت سادىر قىلىپ ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قېلىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، ماددىي تۇرمۇشى كاپالەتلەنمىگەن، مەنىۋى تۇرمۇشى پۇچەك نامراتلارنىڭ جىنايەت

يولغا مېڭىپ قېلىش نىسبىتى يەنىلا بايلاردىن يۇقىرى بولىدۇ.

### 6. نامراتلار ۋە نىكاھ

نامراتلارنىڭ نىكاھى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. چۈنكى، نىكاھ نېمە دېگەن بىلەن مۇھەببەتتەك تاتلىق ۋە رومانتىك بولمايدۇ. ئۇ بىر جۈپ يات جىنسلارنىڭ باش قوشۇپ بالىلارنى قاتارغا قوشۇش، كۈن ئۆتكۈزۈش جەريانىدۇر. شۇڭا بىر ئۆينىڭ ئۇن، ماي، تۇز، ئائىلە تەئەللۇقاتى قاتارلىق رېئال مەسىلىلەر ئائىلىنىڭ ئەڭ كۈندىلىك تالاش - تارتىش ئوبيېكتى بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، پۇل نىكاھنىڭ زىددىيەت پىلتىسى بولۇپ قالىدۇ. بەزى كەمبەغەللەر پۇلى بولمىغاچقا ئۇزۇنغىچە توي قىلالمايدۇ، ئۇلار ئەپلەپ توي قىلىۋالسا ئۆيى ئۈچۈن تەر تۆكۈش ئىدىيەسى خېلى كۈچلۈك. بىردە پۇللۇق بولۇپ قالىدىغان، بىردە ھېچ نېمىسى قالمايدىغان تۇراقسىز بەزى ئىشلەمچىلەرنىڭ نىكاھى بەك بوش بولىدۇ. خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن ئالماشتۇرۇش ئۇلارنىڭ بىر گەۋدىلىك تەرىپى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پۇل بولسا خوتۇن يۆتكەش، «چىشىنىڭ بارىدا گۆش يېيىش» ئىدىيەسى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق تويىدىن باشقىلىرى بەك ئاددىي ئۆتكۈزۈلىدۇ، قىز تەرەپمۇ ھالى بىر قەدەر يېتەر بولغاچقا، مىڭ نەچچە يۈز يۈەنلىك تويلۇق بىلەنلا قىزىنى ئۇزىتىپ قويىۋېرىدۇ. يوقسۇللار قاتلىمىدا قانۇنىي مۇراسىمغا قارىغاندا، دىنىي مۇراسىمنى چوڭ بىلىدۇ. شۇڭا، بەزىلەر توي خېتى ئالماسمۇ، نىكاھ ئوقۇلسىلا قانائەتلىنىدۇ، بۇنداق قانۇنسىز نىكاھنىڭ ئۇلى ئاجىز بولىدۇ. بۇ بەختسىز كېلىنچەكلەرنىڭ «تالاق» بولۇش خەۋپى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. يەنە بەزى كەمبەغەللەر ھە دېگەندىلا بالىلىرى ئۈچۈن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش قىلىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلار ياكى ياخشى چىقىشالمايدۇ ياكى ئوبدان ئۆتەلمەيدۇ ۋە ياكى ئۇزۇل - كېسىل ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. بالىلار بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ ئۈزۈلمەس رىشتىسى بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئىس - تۈتەكسىز جەڭنىڭ ئازارلانغۇچىلىرىغا، ئازابلانغۇچىلىرىغا ۋە خارلانغۇچىلىرىغا ئايلىنىدۇ. نامراتلار رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ توي قىلغىنىغا 15 يىلدەك بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بار ئىكەن. ئەر - ئايال ئىككىسى ئاتا - ئانىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن توي قىلغانلار بولۇپ، دەسلەپتە ئوبدان ئۆتۈپتۇ. بالىلارنى تەمىنلەش ۋە ئائىلىنى قامداش ئۈچۈن، ئەر - ئايال ئىككىسى ئاشخانا ئېچىپتۇ، ئوتۇن - سامان سېتىپتۇ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى يۆتكەپ سېتىپتۇ، كىرا تارتىپتۇ، ئىشلەپ پۇل تاپقۇدەك ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بالىلىرىنى چوڭ قىپتۇ. لېكىن زىددىيەت ئەرنىڭ تاپقىنىغا ھاراق ئېچىپ، ئۆينىڭ، بالىلارنىڭ ھالى بىلەن كارى بولماسلىقتىن باشلىنىپتۇ. ئايال ئۆزى بوتكا ئېچىپ ئائىلىنىڭ خىراجىتىنى تېپىپ ئۆينى تەمىنلەپتۇ. ئەر ئۇنىڭ ئۆينىڭ بارلىق پۇلىغا بوتكا ئېچىۋالغانلىقىدىن نارازى بوپتۇ، ئۇنىڭ پىلانىچە ئۇ ماشىنا ئېلىپ كىراكەشلىك قىلماقچى ئىكەن. ئايال ماشىنىنىڭ ھەر خىل چىقىمى كىرگەن كىرىمىدىن جىق دەپ قاراپ، كۆن ئېلىشنى ئەلا بىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىردە كۈچىيىپ، بىردە ئاجىزلىشىپ، بەزىدە ئاجرىشىش باسقۇچىغا بېرىپ، بەزىدە يارىشىپ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپتۇ. مانا بۇ نامراتلار نىكاھىنىڭ بىر ئايرىم مىسالى. پۇل كۆپ بولسا بەختلىك، پۇل بولمىسا بەختسىز دەيدىغان فورمۇلا يوق. پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا تېپىلمىغان خۇشاللىق بەلكىم دالىدا قوي باقىدىغان پادىچىنىڭ غېرىب كەپىسىدىن تېپىلىشى مۇمكىن ياكى بايلارنىڭ داچىسىدىن تېپىلمايدىغان ئەركىنلىك ۋە بەخت دېھقانلارنىڭ بالا - چاقىسى بىلەن جەم بولۇپ بىر قاچىدىن ئۇگرە يېگەن ئاددىي خانىسىدىن تېپىلىشى مۇمكىن. لېكىن نىكاھنىڭ بەختلىك بولۇش - بولماسلىقى يېتەرلىك پۇل بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ. بۇرۇن بىر باي بولغان ئىكەن، ئۇ قېرىغاندا داچىسىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتسا، ئىشىك ئالدىغا كىيىملىرى جۇل - جۇل بىر سەرگەردان كېلىپ، چىملىقتا سۇنايلىپ يېتىپ ئاپتاپ سۇنۇشقا باشلاپتۇ. باي ئۇنىڭغا قىزىقىپ: «سەن ياش ئىكەنسەن، بىكار يۈرگىچە ئىشلىسەڭ بولمامدۇ؟» دەپتۇ. «ئىشلەپ نېمە قىلىمەن؟» دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ سەرگەردان. «ئىشلىسەڭ پۇل تاپىسەن، ئۆي ئالىسەن، ماشىنا ئالىسەن، ئېسىل نازۇ - نېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىسەن، خوتۇن - بالىلىق بولۇپ راھەت كۆرىسەن» دەپتۇ باي. «ئاندىن كېيىنچۇ؟» دەپ داۋاملىق سوراپتۇ سەرگەردان. «كېيىن قېرىساڭ، كىيىم - كېچەك، قورسىقىڭدىن غەم قىلماي، ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتىسەن» دەپتۇ باي چۈشەندۈرۈپ. «ئۇنداق جاپا چېكىشنىڭ نېمە ھاجىتى، مانا مەن ھازىرمۇ ئاپتاپ قاقلىنىۋاتىمەنغۇ؟!» دەپتۇ. بۇ كەمبەغەللەرگە ياقىدىغان بىر ھېكايە، بايلىق بىلەن بەخت چوقۇم بىللە بولۇشى ناتايىن. سەرگەردان بىلەن باي ئاپتاپقا قاقلىنىۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا ئۇلار ھەقىقەتەن بىللە قۇياش نۇرىدىن ھۇزۇرلىنىشى ئوخشاش.

لېكىن قوياش پاتقاندىن كېيىن سەرگەردان بايغا قارىغاندا
نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يولۇقىشى تۇرغانلا گەپ. مەسىلەن:
ئۇنىڭ قورسىقى ئاچامدۇ؟ كەچتە نەدە ئۇخلايدۇ؟ ئەتە
نەگە بارىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلە-
لەر ھەرگىز كۆڭگە قاقلىنىش بىلەنلا پۈتمەيدۇ- دە! پۇل
بىلەن نىكاھ، بەختنىڭ مۇناسىۋىتى بەلكىم ئادەمنىڭ ئويى،
ئېھتىياجى، ئارزۇسى ۋە تەلىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەجە-
با سىزنىڭ ئازادە ئۆيدە ئولتۇرغىڭىز يوقمۇ؟ ئاتا- ئانە-
ڭىزنى ھەرەمگە ئاپارغىڭىز يوقمۇ؟ باللىرىڭىزنى چەت
ئەلدە ياكى دۆلەت ئىچىدىكى ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇتقى-
ڭىز يوقمۇ؟ مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ سەيلە- ساياھەت
قىلغىڭىز يوقمۇ؟ دوست- بۇرادەرلەرگە ئېسىل سوۋغا-
سالام تەقدىم قىلغۇڭىز يوقمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنى
خۇشال قىلىدىغان ھەم پۇل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك نەر-
سىلەر. بەخت بىلەن خۇشاللىقنى بىز مۇناسىۋىتى يوق دې-
يەلمەيمىز. بەخت بىر خىل قانائەتلىنىش، رازىمەنلىك ۋە
خۇشاللىق تۇيغۇسى، سىز كۆپ پۇل تېپىپ كۆڭلىڭىزدىكى
ئارزۇلىرىڭىزنى، پىلانلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرسىڭىز خۇ-
شاللىق ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشەلەيسىز. بۇ چاغدا سىز ئۆزد-
ڭىزنى بەختلىكمەن دېيەلمەمسىز؟!

### 7. نامراتلار ۋە تېز بېيىش ئېڭى

بەزىدە مېنىڭدىمۇ ماددىي دۇنيانىڭ يالتىراقلىرى ۋە
مەئىشەتلىرى ئالدىدا بىر كېچىدىلا بېيىش ئويى تۇغۇلىدۇ.
گەرچە ئۆزۈم بىر ئايلىق مائاش ئېلىپ، ئۇدۇللۇق كۈن
ئېلىۋاتقان، ھالىم 10دىن ناچار بولسىمۇ، يۈزدىن ياخشى
مائاشلىقلار تەبىقىسىگە تەۋە بولسامۇ، لېكىن ھازىرقى كۆ-
نۈمدىن تازا رازى ئەمەس ئىدىم. سالامەتلىكى ناچارلاش-
قان ئاتا- ئانامنى ئوبدان داۋالاتقۇم، ئىنى- سىڭىللىرىمغا
تۇتاملاپ پۇل بېرىپ ئاكىلىق ئىناۋىتىمنى ۋە ھۆرمىتىمنى
كۆتەرگۈم، نامرات رايونلارغا، مەكتەپ ۋە دارىلئىتاملارغا
پۇل ئىئانە قىلىپ ياردەم قولۇمنى سۇنغۇم كېلىدۇ. بىراق،
نۇرغۇن چاغلاردا قولۇم قىسقىلىقتىن ئۇرۇق- تۇغقان ئال-
دىدا پۇلى بار تۇرۇپ بېرىپ تۇرمىدى دېگەن يامان ئاتاق-
قىمۇ قالىمەن. بىراق ئۇلار ھەر ئايلىق پۇلىنىڭ بېشىدا
قانداق ئوتلارنىڭ كۆيۈۋاتقىنىنى، نەقچوت ئەمەلىيلەشمەي
تۇرۇپ، قانداق خامچوتلارنىڭ سوقۇلۇۋاتقانلىقىنى قانداق-
مۇ بىلسۇن دەيسىز؟! يېقىنقى كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ لاتارى-
يە بېلىتى ئېلىش قىزغىنلىقى بارغانسېرى ئېشىپ باردى، بۇ-
نىڭغا قاراپ بىر كېچىدە بېيىش ئىستىكى پەقەت مەندىلا
بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالىمەن. بۇ نۇرغۇن كىشى-
لەرنىڭ پۇللۇق بولۇش ئىستىكىگە تېخىمۇ ماسلاشتى.
مېنىڭ بىر تۇغقىنىم نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل پاراۋاد-
لىق لاتارىيەسىنى ئېلىپ كەلدى. بىراق، چەك تارتىش
كۆپ بولدى، مۇكاپات چىقىش قېتىمى ئاز بولدى، جىق
چىققاندا مىڭ سوم، ئاز چىققاندا ئىككى سوم بولدى. شۇن-
داقتىمۇ ئۇنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلگىنى يوق.

تېز بېيىش ئېڭى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە تۇغۇل-
دىغان بىر ئىستەك. سىز تۈمەن يۈەنلىك ئېسىل تېلېۋىزور-
نى، نەچچە ئون تۈمەنلىك ماشىننى ياكى ئون نەچچە تۈ-
مەنلىك ئۆيىنى سېتىۋالماقچى بولغاندا، يېنىڭىز بوش بولۇپ
ئالالماي قالسىڭىز بىر كېچىدە بېيىشنى ئويلىمامسىز؟!
ئېسىل پىكاپ، ھەشەمەتلىك داچا، ئېسىل زىبۇ- زىننەتلەر،
ئارامبەخش ئۆي جابدۇقلىرى، قىممەت باھالىق كىيىملەر...
كىشىلەرنى قانداقمۇ تېز بېيىشقا ئۈندىمىسۇن!؟ قانچىلىك
يىگىتلەر بىر كېچىدە داڭلىق چولپان بولۇپ پۇلدار بولۇش-
نى ئويلىمىدى دەيسىز؟! قانچىلىك قىزلار داڭلىق ئارتىس
بولۇپ خالىغان كىيىم- كېچەك، ئالتۇن بۇيۇملىرىنى ئېلىش-
نى ئويلىمىدى دەيسىز؟! لېكىن ھەدىسىلا ياۋمىڭدەك ۋاس-
كېتبول چولپىنى، ليۇ شياڭدەك ئولىمپىك چېمپىيونى، ئاب-
دۇللا، گۈلباھاردەك ناخشا چولپىنى بولغىلى بولىدۇ
دەمسىز؟! بوكس چولپىنى تەيسېن ياكى پۇتبول چولپانلى-
رى بېكخام، كاكا، لونالدۇغا ياكى كىنو چولپانلىرى سې-
ۋاردسىڭگىر، نىكولاس، چېن داۋمىڭ، گې يو، جالڭ گۈل-
لارغا ئوخشاش مەشھۇر شەخسلەرگە ئايلىنىشنى شۇنداق
ئاسان دەمسىز؟! ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ پۇل تېپىشى شۇ
قەدەر ئاسان ۋە پۇلى شۇ قەدەر كۆپ بولسىمۇ، ئەمما
ئۇلارغا ئوخشاش چولپانلاردىن دۇنيادا قانچىسى بار
دەيسىز؟! ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن بۇرۇنقى
جاپا- مۇشەققەتلىرىنى، تالاي جاپالىق مەشىقلىرىنى، تالاي
رېپېتىتسىيە، سىناقلىرىنى، ئۇلۇغۋار نىشانى ئۈچۈن تۆككەن
قان- تەرلىرىنى سىز بىلمەيسىز- دە! سىزدە ئۇلار
چەككەن جاپالارنى، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مەغلۇبىيەت، سا-
ۋاقلارنى تارتىدىغان، ئىزچىل مۇشۇ نىشان ئۈچۈن تىرى-
شىدىغان غەيرەت بارمۇ!؟ ئەگەر بولسا سىزمۇ نېمىشقا
سىناپ باقمىغۇدەكسىز؟!

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدە

بەزى پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ،
ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرىدىغان مەزمۇنلار كۆپىيىپ
قالدى. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش تارىخىنى
ۋاراقلىغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ
چىققان نامرات كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىزنى ھەيران قالدۇر-
دى، ئويلاندۇردى. ئۇلارمۇ ئەسلىدە نى ـ نى قىيىنچىلىق-
لارنى يېڭىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتكە تۆھپە قوشقان كونا كا-
دىرلار ئىدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن خاتالاشتى؟ ئېنىقكى، قى-
يىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەت ئالدىدا تەۋرەنمىگەن
پولاتتەك ئىرادىلەر راھەت، بايلىق ئالدىدا بوشاشتى.
بۇرۇن جاپادا تاۋلانغان بەدەن راھەت ئورۇندۇقتا،
يۇمشاق ماشىنىغا، ئارامبەخش داچىلارغا كۆندى. بۇرۇن
قەلبىدە يىغىلىپ قالغان، بىخلانغان «ياخشى تۇرمۇش» پە-
لانلىرىنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى «پىشىپ يېتىلدى».
«مۇنبەت تۇپراق»، «يېتەرلىك قۇياش نۇرى» ۋە
«ئەلۋەك سۇ» تەييار، بۇ خىل مۇھىتتا ئاچكۆزلۈكنىڭ ئۇ-
رۇقلىرى بىخلاندى، كۆكلىدى ـ دە.

**8. نامراتلار ۋە ئالدامچىلىق**

ھازىر بەزى كىچىك گېزىتلەردە ھەر خىل پۇل تېپىش-
نىڭ ئېلانلىرى كۆپ. بۇنىڭ ئازدۇرۇش كۈچى كۈپرەك،
يانچۇقى توم بايلارغا قارىغاندا كۈنى ھېسابلىق ئۆتىدىغان
نامراتلارغا تارتىش كۈچى نىسبەتەن بىر قەدەر كۈچلۈك
بولىدۇ. نېمە دېگەن بىلەن بايلار قانچە يىللىق ئۆتكەللەر-
دىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى باشتىن ئۆت-
كۈزۈپ، بۇرنىغا تالاي سۇ كىرگەچكە بۇنداق پۇل ئاز كې-
تىدىغان، جاپا تارتماي مەبلەغ سېلىپ قويۇپ ئوڭاي پۇل
تاپىدىغان ئۇچۇرلارغا ئانچە پەرۋا قىلمايدۇ. دېمىسىمۇ
دۇنيادا نەدە ئۇنداق ئاسان پۇل تاپىدىغان ئىش بول-
سۇن!؟لېكىن تولا چاغلاردا بېيىش ئىستىكى يۇقىرى نام-
راتلار بۇ خىل ئېلانلارنىڭ قىزغىن ئىشتىراكچىسى بولىدۇ،
ئاقىۋەتتە قايسى بىر ئالدامچىنىڭ يېنىنى توملاپ بېرىپ
ئۆزى بارماق چىشلەپ قالىدۇ. ئالدامچىلار دەل نامراتلار-
نىڭ ئاسان پايدىنى كۆزلەيدىغان، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى
كۆرۈپ يىراقنى كۆرەلمەيدىغان ساددا، نادان ۋە كالتە
پەملىكىدىن پايدىلىنىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتىدۇ. جەمئىيىتى-
مىزدە بىر مەزگىل قويمىچىلىق دېگەن بىر ئاتالغۇ ئەۋج
ئالدى. ئېتۇتلاردا ئوينالدى، ھېكايىلەردە ھەجۋىي قىلىن-
دى، گېزىت ـ ژۇرناللاردا پاش قىلىندى، لېكىن قويمىچى-
لارغا ئالدىنىدىغان بىچارىلەر كۆپەيسە كۆپەيدىكى ئازايمى-
دى. قويمىچىلار ئۇلارنىڭ دوستلۇقنى، ئىشەنچىنى تىلخەت-
تىن ياكى ھۆججەتتىن ئەلا بىلىدىغان مەرد خاراكتېرىنى
يەمچۈك قىلىپ، قەرز ئېلىپ يوقاپ كېتىدىغان ئاسان
بېيىش ئۇسۇلىنى تېپىۋالدى. ئېتۇتلاردىكى پۇل قەرز بەر-
گۈچىلەرنىڭ قويمىچىلاردىن پۇل ئالالماي ئۇنىڭغا سوۋغا
كۆتۈرۈپ بېرىپ يېلىنىشلىرى ۋە بىچارىلارچە خۇشامەت
قىلىشلىرىنى كۆرگىنىمىزدە ئىشلارنىڭ تەتۈر بولۇۋاتقانلىقى-
غا تەئەججۈپلىنىمىز، زىيانلانغۇچىغا ئېچىنىمىز، قويمىچىغا
نەپرەتلىنىمىز. كىشىلىك ئىشەنچنى سېتىپ خەجلەۋاتقان بۇ
نائىنساپلارغا يەنە قانداق سۆز بىلەن تەبىر بەرگۈلۈك؟!ئا-
دەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغىنى يەنە بۇنداق قىلتاققا
چۈشكەنلەرنىڭ ئىچىدە يەنە كەمبەغەل شەھەر پۇقرالىرى،
دېھقانلار كۆپرەك. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئازراق ھاللىنىشنى
مەقسەت قىلىپ ئالدانغانلارمۇ ئاز ئەمەس. مەتىمىن
ھوشۇر ئەپەندىنىڭ «داپ» ناملىق ھېكايىسىنى ئاساس
قىلىپ ئىشلەنگەن شۇ ناملىق كىنودا باش قەھرىمان ھالال
ھۇنەر بىلەن پۇل تاپقان بىر شەھەر پوقراسى، ئۇنىڭ باي-
لارغا قاراپ تېخىمۇ پۇللۇق بولغۇسى، ھەشەمەتلىك قورۇ ـ
جاي سالغۇسى، ئېسىل پىكاپ ئالغۇسى كېلىدۇ، ئاقىۋەتتە
ئۇنىڭ بۇ ئاچكۆزلۈكى ئۇنى ئازدۇرىدىغان ئېزىتقۇغا ئاي-
لىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كاستيوم ـ بۇرۇلكىنى قىرلاپ
كىيگەن، يانفونىنى قۇلاققا «تېڭىپ» مىليون ـ مىليون مەب-
لەغنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر سالاپەتلىك قويمىچى-
نىڭ «ئولجا»سىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ چوڭ قويمىچى
بىلەن «شېرىك تىجارەت» قىلىش ئۈچۈن تاپقان ـ تەرگىنى-
نى دوغا تىكىپلا قالماي، تونۇش ـ بىلىشلەردىن پۇل قەرز
ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئىشەنچ ۋە ئىناۋىتىنىمۇ بىللە دوغا تىكىۋې-
تىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوڭ قويمىچىنى ئىزدەپ تارتمىغان
كۈنى قالمايدۇ. تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى ئۇ باشقىلارنىڭ نەزى-
رىدە ئىشەنچلىك ئادەمدىن «كىچىك قويمىچى»غا ئايلى-
نىپ، قەرز ئىگىلىرىدىن قېچىپ ئۆيىگە قايتىشقىمۇ جۈرئەت
قىلالمايدىغان كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بىز بۇ كى-
نونى كۆرگىنىمىزدە بۇ زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغۇچى ھۇنەر-
ۋەنگە ھېسداشلىق قىلىمىز، ئىنسابسىز قويمىچىنىڭ ھىيلە-
گەر، مەككارلىقىغا نەپرەتلىنىمىز. بۇ يەردە ئويلىنىشقا تې-
گىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، كىنونىڭ باش قەھرىمانىنىڭ
ئاچكۆزلۈكى بۇ خىل تىراگېدىيەنىڭ يۈز بېرىشىدىكى

مۇھىم بىر سەۋەب دېيىش مۇمكىن. نامراتلار ئۆز ۋۇجۇدىدا ھەققەتەن ئىشچانلىق، سەممىيلىك، سەۋرچانلىق، ئاقكۆڭۈللۈك، جاپاغا چىداش روھىي قاتارلىق نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن بىزنىڭ ماختىشىمىزغا ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن يېتىشتۈرگەن نادانلىق، قوپاللىق، كەم ئەقىللىك، ھاراقكەشلىك، ساددىلىق، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق يېتەرسىزلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلمايمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئالدامچىلىققا بولغان ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، قولىدىكى ئازغىنە جاھاندارچىلىق دەسمايىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالماسلىقى كېرەك.

**9. نامراتلار ۋە مەبلەغ**

نامراتلار ئۆز رېئاللىقىدىن نارازى، ئۇلاردا ھەقىقەتەن ئۆز تەقدىرى، تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش قىزغىنلىقى كۈچلۈك. ئىقتىسادشۇناسلار: «باي بولمەن دېسەڭ مەبلەغ سال» دېيىشىدۇ، بىچارە نامراتلار ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبە جەھەتتە ئاجىزلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يۇتىدىغان كەسكىن بازار رىقابىتىگە قاتنىشىدۇ. بەزىلەر پايچېكى بازىرىغا دوغا تىكىدۇ، لېكىن پايچېكى ئېلىپ بېيىغان ئادەم قانچە دەيسىز؟! يەنە بەزىلەر ماشىنىغا مەبلەغ سېلىپ كىراغا ماڭىدۇ، بىراق تەلىيى تەتۈر كېلىپ، ماي باھاسى، يول بېجى ۋە ماشىنىنىڭ رېمونت راسخوتىنى كۆتۈرەلمەي تېخىمۇ گادايلىشىدۇ. تېخى ھازىر كىرالارغا نورمىدىن ئارتۇق ئادەم سالسا جەرىمانە قويىدۇ. ئەمسە نامراتلار قانداق قىلسا بولار؟! بۇرۇن بىر باي بىر نامراتنى يۆلمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆكۈزدىن بىرنى بېرىپتۇ ۋە «باھارغىچە بوزيەر ئېچىپ تېرىغۇدەك قىلىپ تۈرگىن، مەن ساڭا ئۇرۇق يەتكۈزۈپ بېرىمەن» دەپتۇ. گاداي كالىغا ئېرىشكىنىدىن خۇشال بوپتۇ، لېكىن مەسىلە شۇنىڭ بىلەن باشلىنىپتۇ. ئىلگىرى ئۆزىنىڭ قورسىقىنى غەمسىلا بولىدىغان گادايغا يەنە كالىنىڭ يەم - خەشىكى قوشۇلۇپتۇ - دە، بۇنىڭغا چىدىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «كالىنىڭ يەم - خەشىكىنى غەم قىلغۇچە، ئۇنى سېتىپ بىر نەچچە قوي ئېلىپ، ئۇلارنى قوزىلىتىپ پۇل قىلمايمەنمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كالىنى سېتىپ بىر نەچچە قوي ئاپتۇ، لېكىن قوي قوزىلاش ۋاقتىنى كۈتۈشكە چىدىماپتۇ ۋە «بىرنى ئۆلتۈرۈپ يەپ تۇراي» دەپ بىرنى سويۇپ يەپتۇ، يەنە بىرنى سويۇپ يەپتۇ، ئاخىرقى بىرى قالغاندا جىددىيلىشىپ، ئۇنى سېتىپ ئون نەچچە چۆجە ئاپتۇ. ئۇلار چوڭ بولغىچە تاقەت قىلالماي بىر - بىرلەپ سويۇپ يەپتۇ. ئاخىرى بىرسىلا قالغاندا بېيىشتىن ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، ئۇنى سېتىپ ھاراق ۋە چىلىغان سەي ئېلىپ، ھاراقنى ئىچىپ غەم - قايغۇنى ئۇنتۇپتۇ، باي ئۇرۇقلارنى ئېلىپ خۇشال ھالدا گادايىنى يوقلىغىلى كەلسە، گاداي چىلاشقۇدەك ئىچىپ كاڭدا ياتقۇدەك. بەرگەن كالىمۇ يوق، ئۆيى يەنە بۇرۇنقىدەك ئاۋارە ۋە ۋەيرانە، شۇنىڭ بىلەن كېيىنگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قاپتۇ. نامراتلارنى يۆلەش كېرەك، لېكىن نامراتنىڭمۇ كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇش ئىدىيەسى، ھەرىكىتى ۋە غەيرىتى بولۇش كېرەك، ئەگەر يۆلەپ بېيىتمەن دېسىڭىز ئاقمىغان بىر گەپ، يۆلەش، ھەر قېتىم يۆلەش پەقەت نامراتلارغا بېرىلگەن بىر پۇرسەت، ئۇنى قانداق تۇتۇش ئۇلارنىڭ ئىشى، ئەگەر بەرگەننى ئۇدۇللۇق تۈگەتسە بىر ئۆمۈر يۆلەپمۇ يۆلەپ كەتكىلى بولمايدۇ - دە! كەمبەغەللەر ئىچىدە بايلارنىڭ سەتچىلىكىنى ئېچىش ۋە ئۇلارنىڭ ناچارلىقى ھەققىدە گەپ سېتىش ئىنتايىن مودا. كىشىلەر ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق كەمبەغەللەرنىڭ ئېسىل ئەخلاقىنى ياكى كىشىلىك پەزىلىتىنى نامايەن قىلىشىدۇ. لېكىن بايلارمۇ ئەسلى نامراتلاردىن كەلگەن، بەزى خەزىنە تېپىپ، مىراسقا ئېرىشىپ ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىپ بېيىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچىسى نەچچە ئون يىل تىرىشىپ، ئەجىر سىڭدۈرۈپ بېيىغان، ئۇلارنىڭ بىرىنچى كاللەك پۇلنى تېپىشى ئاسانغا چۈشمىگەن، بەلكىم كېيىنكى ئىككىنچى، ئۈچىنچى كاللەك پۇلنى تېپىشى ئاسان بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەرگىز ئۇلارنىڭ مەبلىغى ۋە دەسمايىسى كۆپەيگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكىم پۇل تېپىش يولى، ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇرىغا ئىگە بولغانلىقىدىندۇر، ئەگەر ئۇلار نەچچە ھەسسە قەرزگە بوغۇلۇپ، نامراتلاردىنمۇ بەتتەر ئەھۋالدا قالغان تەقدىردىمۇ، شۇ پۇلنى يەنە تېپىپ خەجلىيەلەيدۇ. ناۋادا بىر نامراتقا مىليون لاتارىيە چەقىپ ياكى خەزىنە ئۇچراپ بېيىسىمۇ، ئۇ بايلىقنى يەنە ئۇزۇن مۇددەت قولىدا تۇتۇپ تۇرالىشى ياكى ئۇنى ئايلاندۇرۇپ ساقلىيالىشى ناتايىن، بەلكىم قولىدىن چىقىرۋەتسە يەنە قايتۇرۇپ ئەكېلىشكە جۈرئىتى يوق، گۈزەل ئەسلىمىلەردىن تىلىنى تامشىتىپ، بەزى بىھۇدە خەجلىگەنلىرىدىن ئۆكۈنۈپلا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، نامراتلارنىڭ بېيىشى ھەرگىز مەبلەغنىڭ ياكى دەسمايىنىڭ ئاز كۆپلۈكىدە ئەمەس، بەلكىم كاللىنىڭ ئېچىلغان -

ئېچىلمىغانلىقىدا، يول تاپقانلىقتا، قىيىنچىلىقلاردا تاۋلانغانلىقتا. نۇرغۇن كىشىلەر ئىگىلىك يارىتىشقا جۈرئەتى كەم، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى ناھايىتى كۆپ، تەشۋىشى كۆپ، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش ئىشەنچىسى ئاجىز. نامراتلارنىڭ ئازغىنە جۇغلانمىسى ياكى بانكىدىكى ئازراق پۇلى بىلەن ئائىلىسىنىڭ قورساق مەسىلىسىنى، تىرىكچىلىكىنى دوغا تىكىشنى خالىمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەقەت خەۋپى ئاز بولغان ئىشلەپ بېرىشتىن باشقا چوڭ ئىشقا تەۋەككۇل قىلالامدۇ دەمسىز ؟!

ھەممەيلەننىڭ يۇرتىمىز قالاق قىياپەتتىن قۇتۇلسا، گۈزەللەشسە، زامانىۋىلاشسا دېگەن ئۈمىدىمىز كۈچلۈك. ئالىي مەكتەپتىن تاكى خىزمەتكە چىقىپ ھازىرغىچە، يەنى ئون نەچچە يىل ئىچىدە ھەر قېتىم ئۆيگە قايتسام يۇرتىمدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولسا، باشقىلارغا پەخىرلەنگەن ھالدا بۇ تەرەققىياتنى سۆزلەپ بەرسەم، ئۇلارنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىپ كۆرسەتسەم، ئۇلارنى مەمنۇن قىلسام دەيدىغان يۇرتنى سۆيۈش ئىستىكىم شۇ قەدەر كۈچلۈك. ھەر قېتىم بارسام ئاتا ـ ئانام بەزى كۆرۈنۈشتىكى نەرسىلەرنى تىلغا ئېلىپ، پالانى مەيدان ياسالدى، پۈكۈنى كۆۋرۈك يېڭىلاندى، مۇنچە يېڭى بىنا سېلىندى، دېگەندەك گەپلەر بىلەن ماڭا تەسەللىي بېرەتتى. مەنمۇ ئۈنسىز باش لىڭشىتىپ بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلاتتىم. ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا راستىنلا بەزى ئۆزگىرىشلەر بار، لېكىن ئۆزگىرىش بەك ئاستا! بەزىلەر يول راۋانلاشسا نامرات ۋە قالاق يۇرتىمىزغا باي كارخانىچىلار مەبلەغ سالسا بېيىمىز، دېگەن سادىدا ئويلاردىمۇ بولدى. لېكىن بايلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي پىلانىغا چۈشمىسە ئۇلارغا ئايرودۇرۇم ياساپ پايانداز سېلىپ بەرسىڭىزمۇ كەلمەيدۇ. پايدا بولسا ئۇ سىز پولۇ دۇملەپ قوي سويۇپ تەكلىپ قىلمىسىڭىزمۇ كېلىۋېرىدۇ. سىز ئۈمىد قىلغان زامانىۋىلىق بايلارغا بايلىق، نامراتلارغا پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسىڭىز ئاقىۋەت يەنە توپا ـ چاڭ سۈمۈرۈپ جايىڭىزدا قېلىۋېرىسىز. شىنجاڭنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى راۋانلاشتۇرىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياسالغاندىن كېيىن بايلارنىڭ ماللىرىنى يۆتكەش ئاسانلاشتى. ئۇلارنىڭ مەبلەغ سېلىشقا چوڭ ياردىمى بولدى. ئۇلارنىڭ «ئاۋدى»، «پاسسات»، «خوندا» ياكى «مىتسۇبىشى» ماركىلىق ئېسىل پىكاپلىرى بۇ رايونلاردىن قويۇندەك ئۆچۈپ خام ئەشياسى مول رايونلارغا تېخىمۇ گۈللىنىش ئېلىپ كەلدى.

**10. نامراتلارغا پۇرسەت ۋە ئۈمىد**

گەرچە نامراتلار كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ تۈرلۈك ـ چارىلىرىنى ئويلاپ باققان بولسىمۇ، سىناپ باققانلىرى ئازراق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەۋەككۇل قىلغانلار، ئىسلاھات قىلىشقا پېتىنغانلىرى، جاھان كېزىپ پۇل ئىزدىگەنلىرى يەنە باي بولالايدۇ. بىراق، بۇنداقلار يەنىلا ئىنتايىن ئاز. چۈنكى، نامراتلار قورقماي قول سېلىش ئېڭى، ئەمەلىي ئىشلەش ئېڭى بەك ئاجىز. چۈنكى، ئۇلار يوقسۇل بولغاچقا ئۆزىگە ئوخشاش يوقسۇللار بىلەن بىللە ياشايدۇ، «كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى» دېگەندەك نامراتلار مەلۇم بىر توپ ياكى دائىرىگە يىغىلغان، بۇ دائىرىدە ھەممىسى كەمبەغەللەر بولغاچقا، ئوي ـ خىيالى، ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش شەكلى ۋە غايىسى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. گەرچە بەزىلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى، پولاتتەك ئىرادىسى بولغان بىلەن، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ قىممەتلىك نەرسىلەر كۈندىلىك ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئىچىدە خوراپ تۈگەيدۇ.

نامراتلارنىڭ تايىنىش ۋە يۆلىنىش ئېڭى بەك كۈچلۈك، دۆلىتىمىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى ناھايىتى ئادىل، نامرات سانالغان ناھىيەلەرگە پۇل چۈشۈرۈپ بېرىۋېرىدۇ ياكى سەل بېكىسى بارلار مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ ھال ئېيتىپ مەبلەغ ھەل قىلىدۇ. چۈنكى، تۆۋەندىكى كىشىلەر بۇ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىگە بەك ئۆگىنىپ قالغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، نامراتلار مەبلىغىنى ئىشلىتىشتە خېلى مەسىلىلەرمۇ بارمىش، لېكىن ئىچكى ئەھۋالنى بىز بىلمىگەندىن كېيىن قارىغۇلارچە سۆزلىسەك بولمايدۇ. ئىشقىلىپ، دېھقانلىرىمىز يۇقىرىدىن بېرىلگەن مەبلەغكە، ناھىيە ـ بازاردىكىلەر بولسا تۆۋەن كاپالەت پۇلىغا تەلمۈرىشىدۇ. بەزى ئىشچى، ئوقۇتقۇچى، تېخنىك ۋە مەمۇرلارنىڭ ھال ـ كۈنى دېھقانلارغا قارىغاندا خېلى ياخشى، لېكىن ئۇلارنىمۇ بايلار قاتارىغا كىرگۈزۈش تەس. ئۇلار گەرچە بىنادا جاي ئېلىپ، ھېچ بولمىسا ۋېلسىپىت ياكى موتوتسىكلېت دېگەندەك قاتناش قوراللىرىغا ئىگە بولۇپ، شۇ جايغا نىسبەتەن ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەنلەر ھېسابلانسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۈنىمۇ ئوتتۇراھال. تۈرلۈك تۆلىملاردىن كېيىن ئايلىق مائاشىدىن قولىغا تېگىدىغىنى كۆپ ئەمەس، بۈگۈنكى ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى ئۆسۈۋاتقان چاغدا سۇ، توك ھەققى، گاز ھەققى، بىنا باشقۇرۇش

هەققى قاتارلىق چىقىملارنى چىقىرىۋەتكەندە قولدا قانچىلىك بىر نەرسە قالىدۇ دەيسىز؟! ئۇلارنىڭ ئىدارە - ئورگىنىغا يۆلىنىش پىسخىكىسى ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇلار ئىدارىدىن نان تېپىپ يېيىش ئۈچۈن بېرىلىپ ئىشلىشى كېرەك. بەزى تاپاۋىتى ياخشى كارخانا، ئورۇنلارغا كىرىپ قالغانلىرىنىڭ ئىدارىسىگە ساداقەتمەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ، ئەمما، تەلىيى كاج بەزىلىرى ئەمدىلا بىر ئورۇنغا قەدەم قويۇپ، مائاشىنى ئالالمايدىغانلىرىمۇ بار، چۈنكى، بازار دەۋرىدە تاقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالىدىغان شىركەت - كارخانىلار ئورغۇن، بۇ ھەيران قالىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. شۇڭا، خىزمەتچىلەر تەبىقىسىمۇ خىرىسقا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار تۈرلۈك سەۋىيە ئىمتىھانلىرىغا قاتنىشىپ، تالاي كۇرسلاردا بىلىم ئاشۇرمىسا شاللىنىش خەۋپى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ئەمما، تۇرمۇشتا چوڭلارغا قارىمىسا تېخى، بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا تېخى، ئادەمگەرچىلىكتىن قالماي ئەل قاتارى ئۆتمىسە تېخى، سەل تىرىشمىسا، تېجەشلىك بولمىسا ئوتتۇرا سەۋىيەلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار سېپىگە قوشۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن بۇنداق ئاقىۋەتنى كىممۇ خالايدۇ دەيسىز؟!

مەيلى كىم بولسۇن، پۇرسەت ھەممەيلەنگە كېلىدۇ، پۇرسەت بولغان ئىكەن ئۈمىدمۇ بولىدۇ. لېكىن پۇرسەتنى قانداق تۇتۇش، ئۇنى قانداق بايلىققا ئايلاندۇرۇش ھەركىمنىڭ كاللىسىغا باغلىق مەسىلە. كۇندە غايىۋي خەزىنە ياكى لاتارىيە مۇكاپاتىدەك تاسادىپىي بايلىقلار بىلەن بىر كېچىدە بېيىشنىلا ئويلاپ يۈرمەي، ئەمەلىي ئىشلەش، كۆڭۈل قويۇپ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق بايلارنىڭ قاتارىغا كىرىش كېرەك. «ئاسماندىن قاتلىما ياغىدىغان» ياخشى ئىشلار بولۇۋەرمەيدۇ. شۇڭا، ھەممەيلەن ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ ئىزچىل تىرىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشتىن، ئەمەلىي قول سېلىپ ئىشلەشتىن باشقا ياخشى چارە يوق!

---

ئاپتور: غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى، ئەدەبىيات پەنلىرى دوكتورى.

## جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ قايتا نەشر قىلىش ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# ئەتراپىمىزدىكى ئەدىبلەر



جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، تونۇلغان نەسرچى، مەملىكەتلىك بىرقانچە قېتىملىق
نەسر ئىجادىيىتى مۇكاپاتلىرىنىڭ ساھىبى ياتىگۈل ئىبراھىم